# قەدىمقى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى

古籍研究通讯



1

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتابلىرىنى
يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى نەشر قىلدى

1985

www.uyghurkitap.com

# قەدىمقى كىتاپلار تەتقىقات خەۋىرى

(ئىچكى ماتېرىيال، دىققەت بىلەن ساقلانسۇن)

## 1 - سان

## 1985 - يىل

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتاپلىرىنى
يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى نەشر قىلدى
1985 - يىل 10 - ئاي

## مۇندەرىجە


ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلايلى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرايلى (بېغىشلىما)
...................................................... بادەي 1

تارىخىي رەشىدى (پارچە) ........................ مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر قەشقەرى 2
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدىرىشىت سابىت ھاجىم

لىرىك شائىر ئەرشى ....................(ماقالە)...... 7

ئەرشى شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر ............نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم سابىت، ئابدۇرېھىم قادىر 19

«شاھنامە» داستانى ھەققىدە ........................... .. .........تۇرغۇن ئالماس 51

مەرىپەت ئاسمىنىدىن ئېقىپ كەتكەن يۇلتۇز (ماقالە)......................ھاجى ئەخمەت 72

پېشقەدەم ئۆلىما، تارىخچى ۋە ئەدىب ئۆمەر ھۆسۈيۈن قازى ھاجىم (ماقالە)......ئابدۇرېھىم سابىت 76

شېئىرلار.............................................ئۆمەر ھۆسۈيۈن قازى ھاجىم 82
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم سابىت


### ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن


زىرەك.................................................................. 123

رىسقلىق قىز.................................... توپلاپ رەتلىگۈچى: سېيىت زۇنۇن 125

## ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلايلى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرايلى!

### — قەشقەر «قەدىمقى كىتاپلار تەتقىقات خەۋىرى» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىغا مۇناسىۋەتتى بىلەن —

قەشقەر — ئۇزۇن تارىختا ئىگە مەدەنىي قەدىمقى شەھەر، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىقتىسات، مەدەنىيەت ۋە قاتناش ئىشلىرىدىكى مۇھىم مەركەز ھېساپلىنىدۇ. ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقى بۇ يەردە شانلىق تارىخىي مەدەنىيەتنى يارىتىپ، ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىنى گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداش يولىدا قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

مىلادى 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، پەيلاسوپ، تىلشۇناس ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەشقەردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇلار يازغان ۋە ئىجات قىلغان «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت قىممەتلىك، ئۇلۇق، كاتتا ئەسەرلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى مەرۋايىت بولۇپ، ئۇ تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر پارلاق نۇر چېچىپ تۇرماقتا.

قەشقەر ۋىلايىتى دائىرىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرى ئىنتايىن كۆپ، بۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقى ھېساپلىنىدۇ.

نۆۋەتتە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر نىيەت، بىر مەقسەتكە كېلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى غەلبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلەر خىزمىتى يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە غەمخورلۇقى، شۇنداقلا ھەر مىللەت قەدىمقى ئەسەرلەر خىزمىتى خادىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇلماقتا. قەشقەر «قەدىمقى كىتاپلار تەتقىقات خەۋىرى» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش. مەن بۇ ژۇرنالنىڭ بارغانسېرى ياخشى باشقۇرۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك ماددى مەدەنىيەت ھەم مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى تۆھپىلەر قوشۇشىنى تىلەيمەن!

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئازسانلىق مىللەتلەر قەدىمقى ئەسەرلىرىنى تولىلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى

بادەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تارىخى رەشىدى

## (پارچە)

### مىرزا ھەيدەر قەشقەرى (كوراگان)

#### مۇقەددىمە

ئۆتكۈر كۆزلۈك، چوڭقۇر بىلىملىك ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ روشەن كۆڭۈللىرىگە ئاشكارا بولغايكىم، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئاسماندىن نازىل ① بولغان، ھەممىشە ھەممىنىڭ ماختاش ۋە مەدھىيىلىرىگە سازاۋەر بولغان «قۇرئان» — مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە تەڭرىنىڭ بەندىلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق دەلىل - ئىسپاتى سۈپىتىدە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلگەندۇر.

«قۇرئان»نىڭ سۆزلىرى قىسقا، ئەمما مەنىسى ئىنتايىن كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، مەزمۇنى ئومۇمەن ئالغاندا ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى: ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ بارلىقى، مەڭگۈلۈكى ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل، پاكىتلار.

ئىككىنچى: مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قانات يايدۇرۇلغان ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت، قانۇن، ھۆكۈم، پەرمانلىرى.

ئۈچىنچى: پاك كىشىلەردىن باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ قول بىلەن تۇتۇشى مەنئى قىلىنغان ئۇلۇغ قۇرئاننىڭ ئاساسىي مەقسىدى. يەنى بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ئەھۋالىدىن كېيىنكىلەرگە مەلۇمات بېرىدىغان ھېكايەتلەردىن ئىبارەت.

ئۇلۇغ قۇرئاننىڭ بۇ قىسمى تارىخ ئىلمىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغۋار ئىلىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

ھەر گۇرۇھ، ھەر مىللەتنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى تارىخ ئىلمىنىڭ ئۇلۇغ ۋە ئىنسانلار ئۈچۈن

---

① نازىل — چۈشۈرۈلگەن، ئەۋەتىلگەن، دېگەن مەنىدە.

زورۇرلىگىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىپ، ۋە ئەمەل قىلىپ كەلمەكتە. بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ۋاقەلىرىنى، هايات تەجرىبىلىرىنى هېكايەت ۋە رىۋايەت قىلىشماقتا. بولۇپمۇ تۈرك قەبىلىلىرى چوڭ - چوڭ ۋاقە، مۇهىم ئىشلارنى قىلغاندا، بەلكى پۈتۈن سوهبەت، سوز - هەركەتلىرىدە (قۇرئاندىكى) هېكايەت ۋە رىۋايەتلەرگە تەتبىق قىلىپ ئەمەل قىلىشماقتا.

هەممىگە قادىر ئۇلۇق تەڭرىگە هەمىشە مۇهتاج بولۇپ كېلىۋاتقان مەن كەمىنە (مۇئەللىپ)نىڭ نامى — مۇهەممەت هەيدەر بىننى مۇهەممەت هۈسەيىن كوراگان بولۇپ، دوست - يارانلار ئارىسىدا «مىرزا مۇهەممەت هەيدەر» — دەپ ئاتىلىدۇ.

مەن كەمىنە — تەڭرىنىڭ ئاجىز قۇلى، قابىلىيىتىمنىڭ يوقلۇغى، بىلىم سەۋىيەمنىڭ چەكلىكلىكىگە قارىماي، ۋاقتىنىڭ زۆرۈرىيىتى، زامانىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن، ئىلاجىسىزلىقتىن، بۇنداق ئۇلۇق، مەسئۇلىيەتلىك، قىيىن ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم. چۈنكى ئۇززۇن مۇددەتتىن بېرى موغۇل خاقانلىرى بۇ مەملىكەتلەرنى ئىسلام قىلىش بىلەن چەكلىنىپ، ئۆز مەنپەئەتىنى كوزدە تۇتۇپ، تىنچ ۋە ئابات ئۆتۈشكەنلىرىگە قانائەت قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ئەهۋالاتى هەققىدە ئاغزاكى رىۋايەت[1]، هېكايەتلەرنى ئاڭلاش بىلەن چەكلىنىپ، هېچكىم تارىخ يازمىدى. بۇ كۈنلەردە تارىخىي هىجرىيىگە توققۇز يۈز ئەللىك بىر (مىلادى 1544 - 1545) بولۇپ قالدى. بۇ خاقانلار ۋە خەلق ئىچىدە ئۆتكەنكى هېكايەت ۋە رىۋايەتلەرنى ئەينەن يادىدا ساقلاپ قالىدىغانلار قالمىدى، شۇڭا مەندەك بىر ئاجىز بەندىنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇق زور ئىشقا قەدەم قويۇشقا جۈرئەت قىلىشىم تولىمۇ زورۇر بولۇپ قالدى. ئەگەر مەن جۈرئەت قىلمىسام، موغۇل خاقانلىرىنىڭ ئۆتكەزگەن ۋەقەلىرى، قالدۇرغان ئىزلىرى، هاياتلىق تارىخىدىن تامامەن ئۆچۈپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلاتتى. مەن هەرقانچە رىيازەت چېكىپ، ئەندىشە ئىچىدە زارلاپ، ئىجتىهات بىلەن تىرىشىپ، ئۆزلىگىمدىن ئىزدىنىپ، بۇ نۇرسىز كوزۇم بىلەن نەزەر سىلىپ كورگەن بولسامىمۇ، يالغۇز ئۆززۈم هەرقانچە قىلغان بىلەن (ئەهۋاللارنى) تولۇق ئىگەللەپ كېتەلمىدىم. بولۇپمۇ كىتاپنىڭ بېشىدىكى هەمدۇ - سانا، نەئەت تەرىپلىرىنى جايىدا كەلتۈرۈشنىڭ هوددىسىدىن چىقالمىدىم.

### پارچە

١

بىچارە مەن باددا، سەرگەردان مەن،
تەڭرىنىڭ تەرىپىنى قانداق ئادا قىلاي.
ئۇنىڭ بىرلىگىدىن ئىچىلسا سوز، تىترەر ۋۇجۇدۇم،
شۇنچىلىك سوزلەي، بەس كۆپايە قىلاي.

ئىلىم ئەهلى ۋە تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ باش پاناسى، ئىلىم ئىزدىگۈچىلەرنىڭ رەهنىماسى، بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ مەنبەسى بولغان بەۋلانە شەرەفىددىن ئېلى يەزدى (تەڭرى رەهمىتىگە چۆمۈلدۈرسۇن) هەزرەتلىرى تەسنىپ قىلغان «زەپەر نامە» نىڭ مۇقەددىمىسىنى كېيىنكىلەرگە تەۋەررۈك بولسۇن ئۈچۈن ئەينى بويىچە بۇ كىتاۋىمغا نەقلى قىلىپ كوچۈرۈپ ئالدىم. دېمەك، كىتاۋىمنىڭ باش مۇقەددىمىسى مۇشۇ زاتنىڭدۇر.

ئۆز سۆزۈمىزگە كەلسەك، چىڭگىزخاندىن تارتىپ تۇغلۇق تومۇرخانغا كەلگىچە، موغۇللار ۋە موغۇل

خاقانلىرىنىڭ ئەھۋالى نۇرغۇن تارىخ كىتابلىرىدا زىكرى قىلىنىپتۇ، لېكىن تۇغلۇق تومۇرخاندىن كېيىن ئۆتكەن خاقانلارنىڭ ئەھۋالى ئېنىق يېزىلماپتۇ. مورتى كېلىپ زورۇر تېپىلغاندا رېتى بويىچە يېزىلغان بولسىمۇ تولۇق شەرھىلەنمەپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن كەمىنە ئاجىز بەندە بۇ تارىخنى تۇغلۇق تومۇرخاندىن باشلىدىم. مۇنداق قىلىشىمغا بۇ ئۈچ تۈرلۈك ۋاقە سەۋەپ بولدى.

بىرىنچى: تۇغلۇق تومۇرخاندىن بۇرۇنقى ئەھۋاللار تارىخ كىتابلىرىدا زىكرى قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللار توغرىسىدا پەقەت ئىنزاھات بېرىلمەپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىختا خاتىرە قالدۇرۇلمىغان ئەھۋاللارنى يېزىپ چىقىشنى لايىق كۆردۈم. ئەگەر مەشھۇر ۋە موتىۋەر تارىخ كىتاپلىرىغا يېزىلىپ بولغان تۇغلۇق تومۇرخاندىن بۇرۇنقى ۋاقەلەرنى يازسام، خۇددى پىرات دەرياسى ئىچىدىن قۇدۇق قازغاندەك ئىش بولاتتى.

ئىككىنچى: تۇغلۇق تومۇرخاندىن كېيىن ھېچقانداق خاقان تۇغلۇق تومۇرخاندەك ئالى مەزتۇۋگە ئېرىشىپ مەملىكەت دائىرىسىنى ئۇ قەدەر كېڭەيتەلمىدى.

ئۈچىنچى: موغۇل خاقانلىرى تۇغلۇق تومۇرخاننىڭ شاراپىتى بىلەن ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ بولۇپ گەدەنلىرىدىكى كۇپىرلىقنىڭ زەنجىرلىرىدىن خالاس بولۇپ، ئىسلام ئازاتلىقى بىلەن ئەھلى ئىسلام سېپىگە قوشۇلدى. شۇڭا بۇ تارىخنى ئۇ زاتنىڭ نامى ۋە قالدۇرۇپ كەتكەن يادىكارلىقلىرى بىلەن باشلىدىم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ تارىخ كىتاۋىنىڭ نامىنى «تارىخي رەشىدى» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. چۈنكى بىرىنچىدىن، تۇغلۇق تومۇرخاننىڭ ئىسلام دىنىگە مۇشەررەپ بولۇشى مەۋلانا ئەرشىدىنىنىڭ ئىرشىچانلىقى بىلەن بولغان. (بۇ ھەقتە كېيىن تەپسىلى بايان قىلىمىز). ئىككىنچىدىن، بۇراقخان ۋە كۇيۇك خانلار تۇغلۇق تومۇرخاننىڭ ھوزۇرىدا مۇسۇلمان بولۇپ، بۇ مۇبارەك خانلارنىڭ سائادەتلىك ئۇلۇس ـ جەمەتلىرىمۇ ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ بولۇش بەختىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئەمما يەنە نۇرغۇنلىغان موغۇل خاقانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلۇش ـ جەمەتلىرى ئىسلام دىنىگە كىرمەي شۇم تەبىئىتىنىڭ خاھىشى بويىچە ئارقىغا چېكىنىپ جەھەننەمگە يۈز تۇتتى. ئۈچىنچىدىن، مۇشۇ كۈنلەردە موغۇل خاقانلىرىنىڭ ئاخىرقىسى بولغان ئابدۇرىشىتخان خاقان ئىدى. شۇڭا بۇ تارىختا ئۇنىڭ نامىنى قويۇپ، شۇنىڭغا ئاتاپ يېزىلدى.

دېمەك، يۇقۇرىدىكى ئۈچ تۈرلۈك سەۋەپنى ئاساس قىلىپ، بۇ كىتاپنىڭ نامى «تارىخي رەشىدى» دەپ ئاتالدى. بۇ تارىخنى ئىككى دەپتەرگە (ئىككى تومغا) بولۇپ يېزىپ چىقتىم. بىرىنچى دەپتەرگە تۇغلۇق تومۇرخاننىڭ ئەھۋالىدىن تارتىپ ئابدۇرىشىتخانغا كەلگىچە ئۆتكەن ۋاقەلەر، ئەھۋاللار يېزىلدى. ئابدۇرىشىتخان بولسا بۈگۈنكى كۈنلەردە خانلىق تەختىگە زىننەت بېرىپ تۇرۇۋېتۇ.

ئىككىنچى دەپتەرگە، مەن كەمىنە ئاجىز بەندىنىڭ ئەھۋال ـ سەرگۈزەشتىلىرى، ئۆزبېك، چاغاتاي خاقان ـ سۇلتانلىرىنىڭ ئەھۋالى، زاماندашلىرىمدىن ئاڭلىغان، كۆرگەن، بىلگەنلىرىم ۋە ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر توپلىغان ۋاقەلىكلىرىم يېزىلدى.

قايسى سەۋەپ بىلەن بولمىسۇن، ھەممىدىن پاك ۋە ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى ئۇلۇق تەڭرىم ئۆز خەيرىخالىقى بىلەن ھېچبىر ئەۋەنسىزلا مەن كەمىنەنى موغۇللارنىڭ ئۇلۇس جەمەتلىرىدىن يىراق قىلىپ، ئۇلارغا ھاجىتىم چۈشمەيدىغان قىلىپ قويغان ئىدى. موغۇل ئۇلۇس جەمەتلىرى بىلەن بىر ئۇرۇق، قان ـ قېرىنداش بولسامۇ، ئۇلارنىڭ يامان قىلىق، ناچار ئىشلىرى ماڭا ياقمايتتى. بۇ ئەھۋاللارنى ئىككىنچى دەپتەرگە قىستۇرۇپ ئۆتۈشۈم مۇمكىن. ئۇلار شۇنچە تاش يۈرەك بولغانلىقتىن، مېنىڭ ھەققىمدە ئۇلۇمنى ئىختىيار قىلىشتى.

مېنىڭ نامىم «ھەيدەر»① ئىكەن. بۇ نام ھاياتىنىڭ مەن بىلەن بىللە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىكەن. بۇ مەنانى تولۇق چۈشەنگىنىم ھالدا بۇ ئۇلۇق ئىشقا قەدەم قويدۇم.

### شېئىر

گەرتۇ ئەزمە بەھىشت خاھى كەرد،
دىگەران دەۋزەخ ئىختىيار كۇنەند.

× × ×

تۈيىكى دەردۇ غەمەت بار نا گۈزىرى مەنەست،
جاپاۋۇ ھەركەرەسەت ئەزتۇدىل پەزى مەنەست.
ھەمىن سائادەتى مەن بەسەكى چۈن مارابىنى،
بەخا تەرەت گۈدەرەت كىيىن گۈداز سەيرى مەنەست.

(يەشمىسى: سەن بېھىشنى خالىساڭ، باشقىلار دەۋزەختى ئىختىيار قىلىشىدۇ.
سەندىكى دەردۇ غەمىمەتنىڭ يۈكى ماڭىلا بولسۇن. ساڭا جاپا قانچىلىك يەتسە، شۇنچە مېنىڭ كۆڭلۈمگە يېقىپ تۇرىدۇ. سېنىڭ ماڭا بىر قاراپ قويغىنىڭ ماڭا بەخت ھساپلانغاچ بۇ كۆپايە قىلىدۇ. خاتىرەڭ ئۈچۈن كۆلپەتلەردە كويۇپ ئوتۇشۇم مەن ئۈچۈن تاماشادۇر).

مەن كەمىنە ئاجىز بەندىنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە بىر نەچچە بوغۇن قېرىنداشلىرى خاقانزادىلەر بىلەن ھەم نەسەپداش بولۇپ، ئۇلارغا يېقىن بولغانلىقتىن، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئون ئۈچ ياشلىق بالا ۋاقتىمدا سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھوزۇرىدا خىزمەت قىلىش شەرىپىگە ئېرىشكەن ئىدىم. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىدارچىلىغى ۋە مېھرى - شەپقىتى بىلەن يېتىملىكنىڭ دەرت - ئەلەملىرىدىن قۇتۇلۇپ، سۇلتانزادىلەر بىلەن باراۋەر مەرتىۋىگە ئىگە بولدۇم. سۇلتاننىڭ ماڭا نىسبەتەن تۇققانچىلىق ۋە دوستلۇق رىشتىسى كۈچىيىپ مېھرى شەپقىتى كۈندىن - كۈنگە زىيادە بولغانلىقتىن، تەڭتۇشلىرىمنىڭ ۋە سۇلتانزادىلەرنىڭ ھەسەد قىلىشىغا يولۇقتۇم.

سۇلتاننىڭ ھوزۇرىدا يىگىرمە تۆت يىل خىزمەت قىلىپ داغدۇغىلۇق ۋە ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن بولسامۇ، سۇلتاننىڭ نۇرغۇن ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ئۆزلەشتۈردۈم. كۆڭۈللۈك ۋە ئەتراپلىق تەلىم تەربىيە - ئېلىپ، نۇرغۇن ماھارەتلەرنى ئىگەللىدىم. خەتتاتلىق، شائىرلىق، يازغۇچىلىق، رەسساملىق جەھەتلەردە شۇ ساھەنىڭ ئۆز ئەھلى بولۇپ قالدىم. خىمىيەگەرلىك، ئالتۇن سۈيى يالىتىش قاتارلىق ھۈنەر - سەنئەتتە ئۆز تەڭتۇشلىرىم ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، ماھىر ئۇستا بولۇپ قالدىم. بۇنىڭدىن باشقا زەرگەرلىك، ئويمىچىلىق، سەرراچلىق (ئات جابدۇقلىرىنى ياساش) ئوقيا، نەيزە، خەنجەر ياساش، ياغاچچىلىق، بىناكارلىق، نەيزىۋازلىق قاتارلىق سەنئەتلەرنى ئۆگىنىپ، پۇختا كەسىپ ئىگىسى بولدۇم (كەينى ئۇزارتماسلىق ئۈچۈن باشقىلىرىنى بايان قىلمىدىم). يۇقۇرىدىكى ئىلىم - پەن، ھۈنەر - سەنئەتلەردە شۇ زاماننىڭ ئۇستازلىرى مەندەك ئاجىز بەندىنىڭ

① ھەيدەر - شىر دىگەن مەنىدە.

ئالدىدا شاگىرت قاتارىدا بولۇپ قالدى. بۇنداق قۇتلۇق ئىشلارنىڭ ماڭا مۇيەسسەر بولۇشى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ماڭا قارىتا بەركەتلىك شەپقىتى ۋە داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇنىڭ سىرتىدا، مەملىكەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، جەڭ - ئۇرۇش كېڭەشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، قاراقچىلارغا قارشى ھەركەت ئېلىپ بېرىش، كېچىلىك گۈزەت قىلىش قاتارلىق مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا ئوق ئېتىش، نەيزىۋازلىق، شىكار قىلىش ۋە شىكارغا باشچىلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا سۇلتان ماڭا ئۇستاز، مەن ئۇنىڭ شاگىرتى بولغان ئىدىم. يۇقۇرقىدەك ئىختىدار ۋە سەنئەتلەردە خانىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئۈستۈن بولغانلىقىمدىن، ئۇلار بىلەن تەڭ باراۋەر تۇرالايتتىم.

بۇ قىسقىچە تارىخ كىتاۋىمنى قوبۇل تۇتسۇن ياكى قوبۇل تۇتمىسۇن، سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامى بىلەن ئەمەس، ئۇنىڭ پەرزەندى ئابدۇرېشىتخاننىڭ نامى بىلەن ئاتاپ، ئۇنىڭغا تەقدىم قىلماقچى بولدۇم. بۇنىڭدىن ئۈمىدىم شۇكى، مېنىڭدىن ئابدۇرېشىتخانغا يادىكار بولۇپ قالسا، ئۇ كىشىدىن جاھانغا يادىكار بولۇپ قالار، دېگەن ئارزۇدىن ئىبارەت. بۇ كىشىنىڭ قىسقىچە ئۇنۋانى توۋەندىكىدەك:

خاقاننىڭ ئوغلى خاقان، سۇلتاننىڭ ئوغلى سۇلتان، ھەقىقى پادىشا بولغان شەپقەتلىك تەڭرىگە تەۋەككۇل قىلىدىغان غەلىبە ئىگىسى بولغان ئابدۇرېشىتخان بولۇپ، (خەلققە) مېھرىبانلىق كۆرسەتكۈچى سۇلتان، تەڭرىم مەغپىرەت ئاتىغۇچى خاقان، شەھىتلىك بەختىگە مۇشەررەپ بولغان، غالىپ سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئىدى.

## شېئىر

زەبان مە قالەت نەدارەم بەسى،
بى ھەيدەر چۇھەد مەقالەت بود.

مۇھىتى ئەزىم شاھ ئابدۇرەشىت،
كى ئۇ كۇھى قاپ جەلالەت بۇد.

زى جاھ ۋە جەلال تۇۋاي شەھرى يار،
ئەزى پىش گۇپتەن مالالەت بۇد.

(يەشمىسى: سېنىڭ ھەققىڭدە ئېغىز ئېچىشقا ھېچكىمدە ئىمكان يوق. ھەيدەرنىڭمۇ تىلىنى يۇ-گۇرتىشكە نىمە ھەددى بار؟ (چۈنكى) ئابدۇرېشىتخان بولسا دېڭىزدەك چەكسىز، كويىقاپتەك مۇستەھكەم پادىشادۇر. بۇنداق دەپ ئاتاش ساڭا (ئابدۇرېشىتخانغا) خاس. بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەش گورۇنسىزلىقتۇر.)

پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېشىت سابىت ھاجىم

# لىرىك شائىر - ئەرشى

I

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

بىز XVIII ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، مۇھەممەت ئىمىن خوجام قۇلى (خىرقىتى)، مۇھەممەت سىدىق زەلىلى، نوبىتى، بابا رەھىم مەشرەپ، گومنام، موللا ئەلەم شەھيارى، قۇسۇرى (ئەخمەت خوجام نىياز ئوغلى)، موللا نىياز، ئومەر باقى، موللا يۇنۇس يەركەندى، مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى، موللا سىدىق يەركەندى، موللا مەھەممەت تومۇر قەشقەرى، موللا مومىن يەركەندى، مەھەممەت بىنىنى ئابدۇللا خاراباتى، هاجى ئابدۇللا، فۇتۇهى قاتارلىق ئەدىپلىرىمىزنىڭ قاتارىدا «ئەرشى» تەخەللۇسلۇق بىر شائىرنى ئۇچرىتىمىز.

ئەرشى كىم؟ ئەرشى گەرچە مەخسۇس دىۋانى بولغان، شۇنداقلا خېلى بىر قىسىم شېئىرلىرى 19 - ئەسىردە تاشكەنتتە نەشر قىلىنىدىغان «باياز»لارغا تاللاپ ئېلىنغان، كوزگە كورۇنگەن تالانتلىق لىرىك شائىرلاردىن بىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ هايات پائالىيىتى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات بولمىغانلىقتىن، هازىرغا قەدەر بۇ توغرىلىق سىستىمىلىق بىر تەتقىقات نەتىجىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىنچىلىكى بولماي كەلگەن ئىدى. 19 - ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر تارىخچى ئالىم ۋە ئەدىپ موللا مۇھەممەت سادىق قەشقەرى (1722 - 1850 - يىللار) ئۆزىنىڭ بۈيۈك تارىخى ئەسىرى «تەزكىرە ئەزىزان» دا بەلگىلىك مەلۇمات بېرىپ، بىزنى مۇشكۇلچىلىكتىن خالاس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرشى ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنى مەلۇم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئەرشى، «تەزكىرە ئەزىزان»دىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ ئاقسا قىلى

خوجا ئىسھاق (خوجا كالان) نىڭ نەۋرىسى دانىيال خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا ياقۇپ (خوجاجاھان) دۇر①.

خوجا ياقۇپ (خوجاجاھان) ھىجرىيە 1097 - يىلى (مىلادى 1685 - 1686 - يىللىرى) ھازىرقى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قاراشلىق خوجەنتتە تۇغۇلغان. چۈنكى خوجا ياقۇپ (خوجاجاھان) 1754 - يىلى ئۆزلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن جاۋخۇي قوماندانلىقىدىكى مانجۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئۇچتۇرپانغا كەلگەن ئاپپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى خوجا بورھانىدىنغا يازغان بىر خېتىدە ئۆز يېشىنىڭ يەتمىشتىن ئاشقانلىقىنى ئەسكەرتكەن. شۇنداقلا خوجاجاھان تۇغۇلۇشتىن 8 يىل ئىلگىرى يەكەن خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان خوجاھىدايىتۇللا (ئاپپاق خوجا) ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش بىلەنلا قارا تاغلىقلارنى دەھشەتلىك باستۇرغانلىقتىن، خوجا جاھاننىڭ بوۋىسى — خوجا شۇئەيىپ باشچىلىقىدىكى قارا تاغلىقلار كەشمىرگە قېچىپ كەتكەن. خوجاھىدايىتۇللا بىر مەزگىل ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن قارا تاغلىقلارنى تۈپ ئاساسىدىن قۇرۇتۇش مەقسىدىدە خوجا شۇئەيىپكە: «ئەلۋەتتە كەلگەيلەر، ھەر نىمەرسە بىساتىمىزدا باردۇر، دەرمايان كورگەيمىز، ئەۋلىقىدىن خوپراق تۇرغايلار» — دەپ خەت يازغان. بۇنىڭغا ئىشەنگەن خوجا شۇئەيىپ بالا چاقىلىرىنى ئېلىپ يەكەن تۇپرىقىغا قەدەم قويغان بولسىمۇ، ئەمما بىرەر پىشكەللىككە ئۇچراپ نەسلىمىز قۇرۇپ كەتمىسۇن، دىگەننى ئويلاپ، ئوغلى خوجا دانىيالنى كەلگەن يېرىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى تىزناپ دەرياسى بويىغا كەلگەندە، ئاپپاق خوجا تەرىپىدىن ئالدىن بوكتۇرۇپ قويۇلغان توت يۈز نەپەر دىۋانە سوپىلار يوشۇرۇنغان جايىدىن سەكرەپ چىقىپ، خوجا شۇئەيىپنى ۋە بىللە كەلگۈچى مۇرىت — مۇخلىسلىرىنى تۇتۇپ، ئاغزىغا سولاپ، دەرياغا تاشلاپ ئۆلتۈرگەن. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان دانىيال خوجا ئۇدۇل دەھبىتكە قېچىپ بېرىپ، خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا مازىرىدا بىر مەزگىل ئىستىقامەت قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن خوجەنتكە كېلىپ ماكانلاشقان. خوجا جاھان مانا مۇشۇ ۋاقىتتا دۇنياغا كەلگەن، «تارىخى نادىرىيە» دىگەن كىتاپتىمۇ: «ھەزرىتى مەۋلانا خوجا ياقۇپ خوجام خوجەنتتە تەۋەللۇت تاپتىلار» دەپ يېزىلغان.

خوجا جاھان ئەرشى دەسلەپكى مەلۇماتنى خوجەنت مەدرىسلىرىدە ئالدى. ئاندىن ھەزرىتى خوجا شەيخ خوجەندىنىڭ مازىرىغا بېرىپ، ئىلىم تەلەپ قىلىپ، بىر مەزگىل ئىلىم تەھسىل قىلدى. «تارىخى نادىرىيە» دىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ «تەھسىل ئىلىملىرى ئانچە بولدىكى، تەسلىرىدە ھەر مۇشكۇل بولسا ھەل قىلۇر ئەردى. گاھى سەمەرقەند، بۇخارغا بېرىپ، ئەھلى پەزىللەر بىلەن مەشرەپ تۈزۈپ، مۇنازىرە قىلمىشۇر ئەردى». شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ شان - شوھرىتى كوپ ئوتمەي ئوتتۇرا ئاسىياغا يېيىلدى.

خوجا جاھان ئەرشى ئۆز ئەقىل - پاراستىنى تازا نامايەندە قىلىپ، ئىلىم - مەرىپەتتە راسا يۇقۇرى ئورلەۋاتقان بىر پەيتتە ئائىلىسى بىلەن بىللە يەكەنگە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى ھىجرىيە 1108 - يىلى (مىلادى 1696 - 1697 - يىللىرى) ئاپپاق خوجا ئەۋلاتلىرى قولىدىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋالغان مەھەممەت ئىمىن خاننىڭ ئىنىسى ئارىـ

---

① خوجا ياقۇپنىڭ «خوجاجاھان» ئاتىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ شۇكى، ئۇ تۇغۇلۇپ مەلۇم ياشقا كەلگەندە قۇرەيدازلار ئۇنىڭ بەختى - ئىقبالىغا پال ئېچىپ: «بۇ خوجاجاھانگىر (جاھاننى زەپتە قىلغۇچى) بولۇر، ئالەمى ھال، ئىلمى قەۋلىدە (سوز ئىلمىدە) زىرەك. ئەقىل - پاراسەتتە ئۆز ئەسرىدە ھەم تېڭى بولماس» دىگەن ھوكۈمنى چىقىرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان دانىيال خوجا: «مانا بۇ بوۋىمىز خوجا كالاننىڭ ئىشلىرىنىڭ قايتا رىۋاج تېپىشىغا قىلىنغان بىشارەت» دەپ تونۇپ، شۇندىن ئېتىۋارەن ئۇنى «خوجاجاھان» دەپ ئاتايدىغان بولىدۇ.

لانخان (ئاقباشخان) خوجادانىيالغا؛ «ھەزرىتى خوجا دانىيال خوجام، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىز بۇرۇندىن سىزلەرنىڭ ئاتا - بوۋاڭلارغا بەيئەت ۋە ئىناۋەت قىلىپ، دۇئالىرىڭلارنىڭ بەركاتى بىلەن مەملىكەتنى باشقۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ھازىر بىزنىڭ ۋاقتىمىزدىمۇ سىزنىڭ ئەلۋەتتە بۇ يەرلەرگە كېلىپ، بىز گۇمراھلارغا ھىدايەت قىلغايسىز» (تارىخىي رەشىدىيە» دىن) دېگەن مەزمۇندا خەت ئەۋەتكەن ئىدى.
ئۇ ھىجرىيە 1120 - يىلى (مىلادى 1708 - 1709 - يىللار) ئارسلانخان ھاكىمىيتى يىمىرىلگەچە ئارىلىقتا يەكەن مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئاتىسى دانىيال خوجا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش، شەرىئەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولدى. ھىجرىيە 1128 - يىلى (مىلادى 1715 - 1716 - يىللىرى) يەكەننى مەركەز قىلغان ①خوجا دانىيال باشچىلىقىدىكى قارا تاغلىقلار بىلەن قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئاپپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەخمەت خوجا باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان زىددىيەتنىڭ ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ يۇقۇرى باسقۇچقا كۆتىرىلگەنلىكىدىن پايدىلانغان سىۋانا ئارا بىدان ھوكۇمرانلىقىدىكى جۇڭغارىيە خانلىقى يەكەنگە چوڭ قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇرۇشتا ھالسىزلانغان يەكەن خانلىقى بىلەن قەشقەر ھاكىمىيتىنى يىمىرىپ تاشلاپ، دانىيال خوجا بىلەن ئەخمەت خوجىنى ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئەسىر قىلىپ؛ ئىلىغا ئېلىپ كەتتى. خوجا جاھان ئەرشى ئاتىسى بىلەن بىللە 14 يىل ئىلىدا، جۇڭغارلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا، ئەسىر سۈپىتىدە ياشىدى.

ھىجرىيە 1142 - يىلى (مىلادى 1730 - يىلى) ئاتىسى دانىيال خوجىنىڭ ۋاپات بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ ئازاتلىققا ئېرىشىش ۋە ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ھىجرىيە 1140 - يىلى (مىلادى 1727 - يىلى) سىۋانارابدان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى غالدان سېرىن چىقتى، ئۇ ئاتا - بوۋا، ئەجداتلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى جايلارنى بىۋاستە ئەمەس، بەلكى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ۋاستىلىق باشقۇرۇشتەك قەدىمىي ئۇسۇلغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئاپپاق خوجا ۋاقتىدا بېكىتىلگەن باج - خىراجەتنى ئەينەن تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن دانىيال خوجىنى ئالتە شەھەرگە خان قىلىپ ئەۋەتىپ، خوجا جاھاننى يەنىلا گۆرە ئورنىدا ئىلىدا تۇتۇپ قالدى. بىراق ئارىدىن ئانچە كۆپ ئۆتمەي دانىيال خوجا يەكەندە ۋاپات بولدى. ئالتە شەھەرنى ئىدارە قىلىپ ئۆز قول ئاستىدا تۇتۇشقا بولادىغان قابىلىيەتلىك، ئىختىدارلىق كىشىلەرنى تېپىشقا كۆزى يەتمىگەن غالدان سېرىن خوجا جاھاننى گۆرەدىن② بوشىتىپ، ئۇنى يەكەنگە، ئىنى

① يەكەن خانلىقى دانىيال خوجا دەۋرىگىچە يەكەن، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن خانلىق بولسىمۇ، بىراق قەشقەردىكى ئاق تاغلىقلار ئارسلانخان (ئاقباشخان) ئۈستىدىن ئىسيان كۆتىرىپ، ئۇنىڭ قولىدىن قەشقەرنىڭ ھاكىمىيتىنى تارتىۋېلىش بىلەن بىر پۈتۈن ھاكىمىيەت قەشقەر ئاتۇشنى مەركەز قىلغان ئەخمەت خوجا باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىقلار ھاكىمىيتىگە، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دانىيال خوجا باشچىلىقىدىكى قارا تاغلىقلار ھاكىمىيتىگە بولۇنۇپ كېتىدۇ.

② غالدان سېرىن خوجا جاھاننىڭ ئورنىغا دانىيال خوجىنىڭ تۇتىنچى ئوغلى خوجانىزامىدىن (خوجاخاموش)نى گۆرەگە تۇتۇپ قالغان بولسىمۇ، بىراق، خوجانىزامىدىن ھىجرىيە 1148 - يىلى (مىلادى 1735 - يىلى) كېبەللەك سەۋىۋى بىلەن قازا قىلغانلىقتىن، ئورنىغا خوجا يۈسۈپنى يوتكەپ ئىلىغا ئەپچىقىۋالدى. شۇ ئارىلىقتا خوجا ئەيىۋپمۇ ۋاپات بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئاقسۇغا خوجا ئابدۇللانى، قەشقەرگە خۇش كېپەك بەگ نى، خوتەنگە خوجانىزامىدىنىڭ ئوغلى خوجا شەمشىددىن نى خان قىلىپ تەيىنلىدى. خوجا يۈسۈپ تاكى ھىجرىيە 1158 - يىلى (مىلادى 1745 - يىلى) غالدان سېرىن ئۆلگىچە ئىلىدا گۆرەدە تۇردى.

لىرى خوجا يۇسۇپنى قەشقەرگە، خوجا ئەيۇپنى ئاقسۇغا، خوجا ئابدۇللانى خوتەنگە خان قىلىپ تەيىنلەشكە مەجبۇر بولدى.

خوجا جاھان غالدانىنىڭ يارلىقى بويىچە يالغۇز يەكەننىڭ سۇلتانى قىلىپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئالتە شەھەرنىڭ ھوقۇقىنى كونتىرول قىلىپ ئۆز قولىدا تۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. چۈنكى دانىيال خوجىنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە ھەممىدىن چوڭ، شۇنداقلا ئەقىللىق، زىرەك، شان - شۆھرەت، ئىناۋەتتىمۇ يۇقىرى ھېساپلانغان خوجا جاھان ئاتىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئىنىلىرىنى ئاتا ئورنىدا مەسئۇل بولۇپ تەربىيە قىلغان بولغاچقا، ئىنىلىرى ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئەمەلدار دەپ قارىماي، بەلكى ئاتا يوللۇق كىشى ساناپ، ئۆز دائىرىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئۇنىڭ يوليورۇقى بىلەن باشقۇردى. خوجا جاھانمۇ كۆڭلى يۇمشاق، ئاقكۆڭۈل، ساددە، خەلقپەرۋەر كىشى بولغاچقا ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى خەلق رايىغا قاراپ بېجىردى. شۇنداق بولغاچقا خوجا جاھان دەۋرىدە خەلق خاتىرجەم ياشىدى. ئۇ شەرىئەت ھۆكۈمىنى مىزان قىلىپ تۇرۇپ يۇرتنى ئەدلى - ئادالەت بىلەن سورىدى. پۇخرالارنىڭ مەنپەئەتى ۋە تىنجى - ئامانلىقىنى قوغدىدى. ھەر ھەپتىدە بىركۈن دەرت - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى بىۋاستە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاھۇ - زارىغا يەتتى، پۇخرالارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ، ئازار بەرگۈچىلەرنى قاتتىق جازالىدى. بازارلارغا نازارەتچى قويۇپ، جىڭ، تارازىلارنىڭ توغرا بېجىرىلىشىنى تەمىن ئەتتى. ئاپپاق خوجىنىڭ زۇلۇم - ستەملىرىگە تاقەت قىلالماي كەشمىر، ئافغانىستان، پەرغانە تەرەپلەرگە مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ، ئۆي - ماكان، يەر - جاي، مال - مۈلۈك بېرىپ ئورۇنلاشتۇردى. شەھەر تەمىراتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاپ، گۈزەل ۋە ئاۋات قىلدى. خوتەن بىلەن يەكەن ۋە يەكەن بىلەن يېڭىسار ئارىلىقىدىكى چولاق ھەم ھەممىتنىڭ سىپىغا قۇدۇق كولىتىپ، لەنگەر (قونالغۇ) سالدۇرۇپ، شۇنداقلا بۇ يوللارنى پايناپلىق قاراقچىلاردىن تازىلاپ، يولۇچىلارغا ئاسانلىق ۋە ئاسايىشلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. يېڭىسار بىلەن قاتنايدىغان مىڭ يول مۇشۇ دەۋردە ۋۇجۇتقا چىقتى. خوجا جاھان تەرەققىپەرۋەر، ئىلىم - مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىلىم ئەھلىنى قوللايدىغان كىشى بولغاچقا ئۇ مۇھەممەت سىدىق زەلىلى، نوبىتى، ھاجى ئابدۇللا، خوجا سىدىق (فوتوھى)غا ئوخشاش ئالىم، ئۆلىما، ئەھلى دانىشلارنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئۇلارغا يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولدى. يەكەن شەھرىنىڭ شەرق تەرىپىگە - توت پاتمانلىق - يەرگە ئۆز نامىدا بەھىشتىن نىشان بېرىدىغان مىسلى گۈزەل، كاتتا بىر باغ ئەھيا قىلدۇرۇپ، ياز كۈنلىرى ئالىم، ئۆلىمالارنى يىغىپ، مەشرەپ، بەزمىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولدى. تارىختا ئۆتكەن پادىشاھلار، پەيغەمبەرلەر ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرى يېزىلغان «سىيەر»، «تارىخي ئەنبىيا»، «ئەنبىيائى ئىزام ۋە ئەۋلىيائى ساھىپ كىرام»، «پادىشائى موتەقەددەملەرنىڭ قىسسىسى» دېگەنگە ئوخشاش كىتاپلارنى ئەرەپ ۋە پارسچىدىن تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، مۇتالىيە ھەم مۇنازىرىلەرگە ئۇيۇشتۇردى. يازغۇچى، شائىرلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان كۈنلىرىدە ئۆزىمۇ يازغانلىرىنى ئوقۇپ، ياخشى يازغانلارنى خانلىق نامىدىن مۇكاپاتلاپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بەردى. مۇھەممەت سىدىق زەلىلىنىڭ خوجا جاھاننى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن دوست تۇتۇشى ھەمدە مانجۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇنىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ئورۇنغان خوجا بورھانىدىننى قاتتىق ئەيىپلەپ، خوجا جاھان ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلىشى بىكار ئەمەستۇر.

ئى خوجا جاھان خۇدا ھەمىشە يارىڭ بولسۇن،
گەردۇن قەدىمىڭدىكى غۇبارىڭ بولسۇن.
دۈشمەن ئىلە تۇغ - ئەلەم جىلۋىگەر ئولدى،
ھىممەت ئىلكىڭدە زۇلپىقارىڭ بولسۇن.
بۇرھانىدىن غۇرۇر نەسەپ ئول سەگى ئەبلەخ،
ئىسلام ئېلىگە قىلغان، غەمخورلۇغۇڭ مۇبارەك بولسۇن.
بىچارە زەللى خوجا جاھاننىڭ ئولپىتى ئەردى،
دۈشمەنلىرىڭ دۈشمەن قولىدا خارۇر زارىڭ بولسۇن.

«تەزكىرە ئەزىزان» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى)

خوجا جاھان شۇنداقلا يەنە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، شەرىئەت ئىشلىرىنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن ھەرقايسى شەھەرلەردە جامە، مەدرىس، خانىقالارنى بىنا قىلدۇردى. ① ھەمدە ھەر ھەپتىنىڭ چاشەمبە، پەيشەنبە كۈنلىرى يەكەن شەھەر ئىچىدىكى بەزى مەدرىسەلەرگە بېرىپ، دەرس ئاڭلاپ، ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا زور مەدەت بەردى. پىشقەدەم، قابىلىيەتلىك مۇدەررىسلەرنى، تىرىشچان، زېرەك تالىپلارنى ئىلىمغا رىغبەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن پات - پات مۇكاپاتلاپ تۇردى. ياقا يۇرتلاردىن كەلگەن تالىپلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ھەر ئايدا قارارلىق خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئۆگىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرى.

دېمەك، شاھزادە خوجا جاھان 25 يىل يۇرت سوراش جەريانىدا ئۆزىنىڭ چەكسىز ئەقىل - پاراستىنى، تالانت ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەم ئىنسانپەر-ۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۇخرالارنى جۇڭغارلارنىڭ قىرغىنچىلىقى ۋە بۇلاڭ - تالىڭىدىن خالى ھالدا تىنچ، ئاسايىشلىقتا ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئىلىم - مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈپ، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇردى. شەرىئەت ھۆكۈمىنى جارى ئەتتۈرۈپ، ئىسلامنى راۋاجلاندۇردى. شۇنداق قىلىپ خوجا جاھان خوجىلار بىلەن جۇڭغارلارنىڭ بىرلەشمە ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن بۇيانقى 77 يىل مابەينىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن، مىرزا ھۆسەيىن بايقارانىڭ دەۋرىدىنمۇ ئۈستۈن بولغان بىر ئالتۇن دەۋرنى ياراتتى. بىراق بۇ دەۋر ئۇزاق داۋام قىلالمىدى. ھىجرىيە 1168 - يىلى (مىلادى 1754 - 1755 - يىللىرى) جۇڭغار خانلىقىنى يوقىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان مانجۇلار ئالتە شەھەرنىمۇ قولغا كىرگۈزۈش كويىدا بولدى، ئەمما بۇ ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى قولغا ئېلىش، جۇڭغارىيىنى قولغا ئېلىشتەك ئۇنداق ئاسان بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان مانجۇلار ئاقسۇ ھاكىمى ئابدۇۋاھاپ بەگكە

① يەكەندىكى «ئالتۇن مەدرىسە»، قەشقەردىكى «كەنجازا مەدرىسە» مۇشۇ دەۋردە بىنا قىلىنغان. يەكەن ئالتۇنلۇق مازارىنىڭ يېنىدىكى «ئالتۇن مەدرىسە»نى ئەسلىدە ئابدۇرەشىتخان بىنا قىلدۇرغانلىقتىن ئۇز دەۋرىدە «رەشىدىيە مەدرىسى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بولسىمۇ، بىراق ئاپپاق خوجا دەۋرىگە كەلگەندە ئاپپاق خوجىنى ھىمايە قىلىپ كەلگەن جۇڭغار لەشكەرلىرى ئاپپاق خوجىنىڭ سوپىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قىرغىنچىلىقتىن قورقۇپ كىرىۋالغان ،مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تىرىك تۇتۇشقا ،كۆزى يەتمەي، ئۇلارنى ئىككى قەۋەتلىك مۇنچا ۋە مۇستەھەپخانىلىرى خىلى زامانىۋىلىقتا ئىگە 360 ھوجرىلىق بۇ مەدرىسە بىلەن بىللە قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. خوجا جاھان قايتا تەئمىر قىلغۇچە ئارىلىقتىكى 70 يىل جەريانىدا بۇ يەردىن ئۆتكۈچى كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا ئوتتا كۆيگەن كىشىلەرنىڭ يىغا - زارلىرى، بوۋاقلارنىڭ قىيا - چىيالىرى، ئاڭلانغاندەك بولغاچقا، كىشىلەر كېيىن بۇ جايىنى «جىن مەدرىسى» دەپ ئاتىغان.

ئوخشاش بەزى سېتىلمىلارنىڭ مەسلىھەتىگە ئاساسەن① ئاپپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى، ئەخمەت خوجىنىڭ ئوغلى خوجا بۇرھانىددىننى ئەسىرلىكتىن ئازات قىلىپ، ئالتە شەھەرگە «جىسەن تۇڭلۇڭ»، جاۋخۇيىنى ھەربى قوماندان قىلىپ بېكىتتى. مانجۇلارنىڭ ھىماتى بىلەن خانلىق مەنسۇپكە ئېرىشىپ، خوجا ياقۇپتىن زەربە يېگەن بىر قىسىم سېتىلما ئەمەلدارلارنى، بەگلەرنى، خەلپىلەرنى، سوپى - ئىشانلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان خوجا بۇرھانىددىن 80 مىڭ كىشىلىك مانجۇ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۈچتۇرپانغا يېتىپ كېلىپلا، ئىنتايىن كورەڭلىگەن ھالدا ھەربى كۈچىنى كۆز - كۆز قىلىپ، خوجا جاھانغا، ئالتە شەھەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئۆزىگە بۇيرۇپ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن تېزدىن شەھەرنى بوشىتىشىنىڭ لازىملىقىنى، بولمىسا بۇنچىۋالا زور قوشۇن بىلەن ئۇلارنى ھەش - پەش دېگىچە يوغۇشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ خەت يازدى. بۇنى كۆرۈپ خوجا جاھاننىڭ ئوغىسى راسا قايناپ - تاشقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ھەم ئەركىنلىكىنى، خەلقنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ۋە خاتىرجەملىكىنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەنلىكتىن خوجا بۇرھانىددىنغا: «بىزلەر بولساق ئەۋلادى پەيغەمبەردۇرمىز، بىزلەرگە ئەھلى كۇپپارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قانىنى توكمەك جايىز ئەمەس، باباڭىز ھەزرىتى ئاپپاقمۇ دۇنيادىن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ ئوتتى. بۇ يۇرتقا موڭغۇللارنى باشلاپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى توكۇپ، مۇسۇلمانلارغا ھېچبىر كاپىر سالمىغان زۇلۇملارنى سالدى. ئاقىۋەت خۇدانىڭ قەھرى غەزىپىگە دۇچار بولۇپ دۇنيادىن كەتتى. تا ھازىرغىچە خەلق نەپرەت قىلماقتا. ھازىر سىز ھەم باباڭىزنىڭ ماڭغان يولىغا مىراسخور بولۇپ ماڭدىڭىز. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇستىگە كاپىرلارنى باشلاپ كەلدىڭىز، ئالەم خەلقىدىن ئۇيالمىدىڭىز، خۇدادىن قورقمىدىڭىز، ھېلى ھەم بولسا پۇرسەت باردۇر. كاپىرلاردىن يۈز ئورۇپ قايتىپ كەلسىڭىز، بىز ئاكاسىز ئىنى. ئەگەر مۇشۇ سوزىمىزنى قوبۇل قىلسىڭىز مانا تەخت - سەلتەنەت. بىز تەخت - سەلتەنەتنى سىزگە تاپشۇرۇپ، سىزگە مۇبارەك بادلىق قىلورمىز. بىز بىر بۇلۇڭدا جانابى ھەقنىڭ ئىبادىتىنى قىلىپ ئومۇر ئوتكۇزۇشكە رازىدۇرمىز. مېنىڭ يېشىم يەتمىشتىن ئاشتى. ئەگەر شەيتاننىڭ نۇقتىسىدىن ئاجرىماي، شەقىلىق بىلەن تۇرسىڭىز، ئۇرۇشمەن دېسىڭىز بۇمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارىدۇر. بىزمۇ تەييار. ئەركىشنى ئاللاتائالا جەڭ ئۈچۈن ياراتقان. ۋاللا ھۇ يەدئۇ ئىلا دارىسسالام» دەپ خەت يېزىپ، ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلدى. بىراق بۇ خەت ئۇچۇشنى بىلىپ، چۇشۇشنى بىلمىگەن، شوھرەتپەرەس خوجا بۇرھانىددىننىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. خوجا بۇرھانىددىن خوجا جاھان تەرەپدارلىرىنى قوي بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلايدىغانلىقىنى، قىلچە رەھىم قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ھەم خەتنى ئېلىپ كەلگەن ئەلچى نىياز بەگنى ۋالىلىق ئەملى بىلەن سېتىۋېلىپ يولىغا سالدى. ئىلاجسىز ئەھۋالدا قالغان خوجا جاھان خوجا بۇرھانىددىن بىلەن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئىنىسى، خوجا يۇسۇپنىڭ مەسلىھەتىنى قىلچە قۇلاقتا تۇتماستىن غەزەپ ئاچچىقىدا ئۈچتۇرپانغا ئەسكەر باشلاپ بېرىپ خوجا بۇرھانىددىننىڭ ياللانما قوشۇنلىرى بىلەن ئوچ كېچە - كۈندۈز قاتتىق

① ئابدۇۋاھاپ قاتارلىقلار «ھازىر ئېلىمىزدا ھەزرىتى ئاپپاقنىڭ خوجا بۇرھانىددىن ۋە خان خوجا ئىسىملىك ئىككى نەۋرىسى بار. بىز مۇشۇ خوجىلارنى كورۇنۇشتە باش قىلغان بولۇپ، يۇرۇشتە بىللە ئېلىپ ماڭمىمىز، مۇشۇنداق قىلساق خەلق «دۇئاي بىزنىڭ خوجامىز تورە بولۇپتۇر» دەپ، جەڭ قىلماستىن بىزگە تەسلىم بولىدۇ. شەھەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بۇلارنى ئورنىدا قويۇش، قويماسلىق خاننىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ» دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. بۇ مەسلىھەت مانجۇلارغا ئىنتايىن ياراپ كەتكەنلىكتىن، چوڭ - كىچىك خوجىلارنى ئەسىرلىكتىن ئازات قىلىپ، كىچىك خوجا-خوجا جاھان (خان خوجا)نى گورە ئورنىدا ئېلىمىزدا دىنى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قويىدۇ. خوجا بۇرھانىددىننى بولسا ئالتە شەھەرگە «خان» دەپ ئېلان قىلىپ، 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ.

ئۇرۇشتى. بىراق بۇ ۋاقىتتا بىرى، خوجا جاھاننىڭ ئىنىسى، — قەشقەر ھاكىمى — خوجا يۈسۈپنىڭ ۋاپات قىلغانلىقى، ئىككىنچىدىن، يەكەن بەگلىرىدىن نىياز بەگ، توختى بەگ، خۇدا بەردى بەگ (ماسىڭكۇ) قاتارلىق بىر قىسىم بەگلەرنىڭ خوجا بورھانىددىنغا سېتىلىپ كېتىشى، ئۈچىنچىدىن، قىرغىز قوشۇنلىرىدىن 3000، تۇڭگانلاردىن 300 كىشىنىڭ قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى نەتىجىسىدە خوجا جاھان ئۆز قوشۇنلىرىنى يەكەنگە چېكىندۇرۇپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان خوجا بورھانىددىن ھېچبىر قارشىلىقسىزلا ئۇدۇل قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر ۋە ئاتۇشتىكى ئۆزۈندىن بۇيان پۇرسەت كۈتۈپ يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئاق تاغلىقلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق قەشقەرنى ئالدى. ئاندىن يەكەنگە يۈرۈش قىلىپ ئۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بىراق شەھەرنىڭ مۇداپىئەسى ئىنتايىن مۇستەھكەم بولغاچقا 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز ھۇجۇم قىلىپمۇ شەھەرنى ئالالمىدى. شەھەر ئالتە ئاي قامالدا تۇردى. بۇ جەرياندا شەھەرگە كىرىدىغان ئاشلىق، ماي، ئوتۇن، تۇز قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك ماددى بۇيۇملارنىڭ كېلىش مەنبەئى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما خەلق ئاممىسى ئاچارچىلىق ۋە قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىپ، خوجا بورھانىددىن قوشۇنىغا قارشى يەكدىللىق بىلەن ئۇرۇشتى. خوجا جاھان سەركەردىلىرىدىن سەيىد مەھمۇدخان، خوجا شەمسىدىن، خوجا ئىنايىتۇللا قاتارلىقلار ئۇرۇش جەريانىدا قۇربان بولدى. خەلق خوجا جاھانغا باشتىن ئاخىر ساداقەتمەن بولۇپ، چىن دىلىدىن ئىمزغىن ھىمايە قىلغانلىقتىن، خوجا بورھانىددىن بىلەن ئىچكى جەھەتتىن تىل بېرىكتۈرۈپ، خەزىنىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش، مال - دۇنيا، قورال - ياراق، ھەربى تەسلىھەلەرنى ئوتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان، شۇنداقلا تۇرمىدىكى جىنايەتچىلەرنى مەخپى ھالدا قويۇپ بەرگەن خەزىنىچى ھوشۇر قوزىغا ئوخشاش ھوكۇمەت ئورگانلىرىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بىر قىسىم خائىنلارنىڭ شۇملۇق قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى. بىراق خوجا بورھانىددىنغا ئاقسۇ، كۇچار، باي، سايرام قاتارلىق جايلاردىن باي قۇلى بەگ، ئابدۇۋاھاپ بەگ، خوجاس بەگ دىگەنلەرنىڭ باشچىلىقىدا 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ياردەمگە كەلگەنلىكى ۋە خوجا بورھانىددىن قوشۇنى «چىلانلىق بارگاھ» دىگەن جايغا ئورۇنلاشقان سەيىد مەھمۇد خان قوشۇنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، خوجا جاھان كۈچىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تار - مار قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغانلىقى، ئەڭ مۇھىمى شەھەر ئىچىدە ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، ۋابا كېسەللىكى تارقاپ، خەلق قىرىلىشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان خوجا جاھان بىر مىڭ 500 دەك كىشىنىڭ ھىمايىسىدا شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭغا يەنە «ئەڭ يېقىن، ئىشەنچىلىك ئادىمىم» دەپ ھىساپلاپ يۈرگەن نۇرۇللا بەگ خىيانەت قىلدى. نۇرۇللا بەگ ئىچكى جەھەتتىن ئاللا قاچان خوجا بورھانىددىنغا سېتىلغانلىقتىن، ئۇ يول باشلاش باھانىسى بىلەن خوجا جاھاننى كاچۇڭنىڭ «قارا يانتاق» دىگەن جايىدىكى جىغانلىققا باشلاپ قويۇپ، ئۆزى قېچىپ، خوجا بورھانىددىنغا مەلۇمات يەتكۈزدى. خوجا بورھانىددىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شەھەرگە بېسىپ كىردى. ھەمدە خوجا جاھاننى تۇتۇشقا بىر بولۇك قىرغىز ۋە تۇڭگانلارنى ئەۋەتتى. بولار خوجا جاھان بىلەن يەكەن دەرياسى بويىدا ئۇچراشتى. ئوتتۇرىدا قاتتىق جەڭ بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم ئولدى. خوجا جاھاننىڭ ئادەملىرى دەريادىن كېچىپ ئوتۇش ئارقىلىق مۇھاسىرىنى بوسۇشقا ئورۇنغان بولسىمۇ، بىراق، بىرى 11 -، 12 - ئايلاردىكى ئەمدىلەتىن تۇڭۇپ كېلىۋاتقان نېپىز مۇز قاتلىمى ئۇلارنىڭ دەسسەپ ياكى ئۈزۈپ ئوتۇشىگە كاشىلا تۇغدۇرۇپ، مۇمكىنچىلىك بەرمىگەنلىكى، ئىككىنچىدىن، كۈچ جەھەتتىن خېلى كوپ يارىدەمگە ئىگە بولغان قىرغىز ۋە تۇڭگانلارنىڭ دەريانىڭ ئەپلىك يېرىدە تورۇۋېلىپ، كېچىپ ئوتۇشكە

ئۇرۇنغان خوجا جاھاننىڭ ئادەملىرىنى قىرىپ تاشلىغانلىقى، ئۇچىنچىدىن، جان قايغۇسىدا قالغان ئادىل شاھ، دارىخان باشلىق تاشقورغان ۋە سېرىق قول تاجىكلىرىنىڭ بولىنىپ چېقىپ، قىرغىز ۋە تۇڭگانلارغا قوشۇلۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە خوجا جاھان كۈچ جەھەتتىن ئاجىزلاپ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. قىرغىز ۋە تۇڭگانلار بۇ ئەسىرلەرنى يۇت - قولىدىن باغلاپ، «تۇمشۇق ساراي» دېگەن جايغا ئېلىپ كېلىپ، خوجاجاھان باشلىق 17 كىشىدىن باشقا بارلىق ئەسىرلەرنى، بەزىلىرىنىڭ پۇت - قولىنى ۋە باشقا ئەزالىرىنى كېسىپ، بەزىلىرىنىڭ كۆزىنى ئويۇپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھالدا ئىنتايىن ۋەھشىلىك بىلەن دەھشەتلىك قىيناپ ئۆلتۈردى، خوجاجاھان باشلىق 17 نەپەر كىشىنى بولسا يەكەنگە يالاپ ئەپكېلىپ، بىر قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ، ئىشىك، دەرىزە، تۈڭلۈكلىرىنى لاي بىلەن سۇۋاپ تاشلىدى. ۋەتەنپەرۋەر شائىر خوجا جاھان ئەرشى ھىجرىيە 1272 - يىلى (مىلادى 1855 - 1856 - يىللىرى) قەھرىتان قىش ئايلىرىدا (12 - ئايلاردا) 17 نەپەر ھەمراسى بىلەن مۇشۇ ئۆيدە ئاچلىقتىن سوغاقتا مۇزلاپ ئۆلدى.

خوجا جاھان ئەرشىنىڭ ئۆلىمى تەكرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا تېنچ - ئاسايىشلىق بىلەن ياشاۋاتقان 19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەخت سائادىتى، ئازادلىق، ئەركىنلىكى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا راۋاجلىنىۋاتقان ئىسلام شەرىئىتى ئۈچۈنمۇ چوڭ چېكىنىش بولدى. ئاق تاغلىقلارنىڭ چۈشكۈن ۋە ئەخلاقى، بۇزۇقچىلىق بىلەن تولغان سوفىزىم ئېقىمى قايتا باش كۆتەردى. ئىلىم - مەرىپەت ئۈچۈن ئېيتقاندا چارەك ئەسىردەك ۋاقىت جاھالەت تۇمانلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ كۆك ئاسماندا چاقناۋاتقان بىر يورۇق يۇلتۇز ئەبەدى ئۆچكەندەك، ئىلىم - مەرىپەت ئاسمىنىنى ئايتا جاھالەت تۇمانلىرى قاپلىغاندەك بولدى. چۈنكى خوجا جاھان ئەرشى: «شۇئەرالار ① بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ شېئىر ۋە ئەدەبىياتلارنى ئىلغار پىكىرلىك شائىرلارغا ئىلتىپات ئەيلەپ، شاھانە لىباسلارنى كەيدۈرۈپ، سەر ئەپراز ② قىلىغان» ۋە ئۆزىمۇ: «نەزىم دۇرلىرىنى ③ مەشقە ئېلىپ، كۆڭۈللەر خىر مەنىگە ئوت سالغۇدەك قەسىدە، ئەشئارلارنى ④ توقۇغان ⑤ » تالانتلىق، لىرىك شائىر ئىدى.

خوجا جاھان ئەرشى ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، ئۇ بالىلىق دەۋرىدىلا ئەدەبىياتقا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىغا ھۆرمەت بىلەن قاراپ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بولۇپمۇ ئۇلۇق مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر ناۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى تېرىشىپ ئۆگەنگەن. ناۋائىينى ئۇستاز تۇتقان ھالدا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى چوڭقۇر ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلغان. ناۋائىي شېئىرلىرىنىڭ بەدىئى جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن. ئۇ بۇ توغرىلىق «كورۇپ» رادىفلىق بىر غەزىلىدە:

«بىنەۋا ئەرشى تىلەر، روھى ناۋائىيدىن پۇتۇھ،

مۇرغىزارى نەزم ئارا مۇرغ خۇش ئەلھانىنى كورۇپ»

دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ ناۋائىينىڭ «مەنتىقۇتتەير» («قۇشلار تىلى») ئەسىرىدىن چوڭقۇر تەسىر ۋە ئىلھام ئالغانلىقىنى بايان قىلسا، «چەكتى» رادىفلىق يەنە بىر غەزىلىدە ناۋائىيغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىنى ۋە ئۆزىنىڭمۇ ناۋائىي ئىزىدىن ماڭىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

---

① شۇ ئەرالار — شائىرلار.

② بەرئەپراز — ياساپ جابدۇش، زىنەتلەش.

③ دۇرلىرىنى — گوھەرلىرىنى، ئۈنچە.

④ ئەشئارلارنى - شېئىرلارنى.

⑤ بۇ ئابزاس «تارىخىي نادىرىيە» دىن ئېلىندى.

دىيارى نەزم ئارا شاھلىغ ناۋايى گەرچە كوپ سۈردى،
گەدا ئەرشىمۇ ھەم، سوز مۈلكىدە يىللەر قەدەم چەكتى.

ئەرشى شېئىرلىرىدا ناۋايىغا سىغىنغان مۇنداق مىسرالارنى يەنە خېلى كوپ جايدا ئۇچرىتىش مۇمكىن.

ئەرشى شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىشقى مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئاپتور بۇ تېمىنى بىردە ئۆزىنىڭ مۇھەببەتكە بولغان ۋاپادارلىق، ساداقەتلىك تۇيغۇلىرىنى، ياردىن جۇدا بولغاندىن كېيىنكى ھىجران قايغۇسىنى، يار ۋىسالىغا يېتىش يولىدىكى تەلپۈنۈش ھەم ئىنتىزارلىقلىرىنى چىرايلىق ئوخشىتىش شەكلى بىلەن ئوبرازلىق قىلىپ، گۈزەل بىر تۇستە ئەكس ئەتتۈرسە، بىردە بۇ تېمىنى ۋاپاسىزلىق، ساداقەتسىزلىكنى كەسكىن تەنقىت قىلىش، ئەيىبلەش ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرىدۇ.

مەسىلەن:

سالىبان كوڭلۇمگە مېھرىڭ مېھرىبانىم قايدىسەن،
جانىم ئارامىن ئېلىپ ئارامى جانىم قايدىسەن.
جاننى نىتكۈم ① جان ئارا چۈشكەن ئېلىپتەك قامەتىڭ،
بولمىسا گەر ۋەسلى ئانىڭ ئاھى جانىم قايدىسەن.
گەرچە مەن پەرھاد ئىمەسمەن دەردىم ئاندىن كەم ئىمەس،
يوقسە ئۆز شېرىن ۋەلى شېرىن زەبانىم قايدىسەن؟ ②

ياكى:

سەيلى ئەشكىم لالە گۈندۈز لەئلى بەدەخشاننى كورۇپ، ③
خاتىرىم ئاشۇپتە دۇر زۇلپى پەرىشاننى كورۇپ. ④

مانا بۇ مىسرالاردا شائىر ئۆزىنىڭ يارغا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنىشىنى، يار ۋىسالىغا يېتىش يولىدىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى، شۇنداقلا ئىنتىزارلىق كەيپىياتلىرىنى ھەمدە يار ۋىسالىغا يەتكەندىن كېيىنكى چەكسىز خۇشاللىقىنى بايان قىلغان بولسا، تۆۋەندىكى مىسرالاردا ۋاپاسىزلىق، ساداقەتسىزلىكنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭدىن زارلىنىدۇ.

ئەبەس مەھبۇبلىرىدىن ئەمدى ئۈمىد ۋەپا قىلماق،
ئەسەرى دەردى ھىجران ئەيلە بان ئۇل بىۋەپا كەتتى.

---

① جاننى نىتمكۈم — بۇ جاننى قانداق قىلاي.

② شېرىن بىلەن ئوخشاشلىقتا سوز يوق. ھەي شېرىن سوزلۈكۈم قايدىسەن

③ بەدەخشان ياقۇتىنى (بەدەخشان ياقۇتى بۇ يەردە يارنىڭ كۆزەللىكلىگىگە تەمسىل قىلىنغان) كورۇپ، يېشىم قىزىل مەيدەك (قىزىل مەي قانغا تەمسىل قىلىنغان) بولۇپ ئاقتى.

④ يەلپۈنگەن قارا چاچنى كورۇپ، ئەس - ھوشۇم، كوڭلۇم بۇزۇلدى.

www.uyghurkitap.com

نىتەي ئەمدىكى چارەم نەدۇر بۇ نەۋئى تەقدىرىم،
كەمەندى زۇلفى بەند ئەيلەپ مىنى، ئول بىۋەپا كەتتى.
نەچە بىر بىۋەپا بى رەھمە زالىم شوخ ئىدى يارەب،
تۈمەن دەرد ئىلە ئەرشىنى ئەيلەپ بىنەۋا كەتتى.

ئەرشى شېئىرلىرىدا يانا ئىشقى مۇھەببەت تېمىسىغا زىچ بېرىكتۈرۈلگەن ھالدا تەبىئەت مەنزىرىسىمۇ ئانچە - مۇنچە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، شائىر تەلىمى ئاستىدىكى بۇ خىل مەنزىرە تەسۋىرى يارنىڭ گۈزەللىكىنى سۈرەتلەش، ئىشقى مۇھەببەت ھېسسىياتىنىڭ تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان نازۇك تەرەپلىرىنى ئوبرازلىق قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈش جەھەتلەردە مەلۇم ۋاستىلىق رول ئوينىغان.

مەسىلەن:

يوشۇرۇپ گۈلدەك يۈزىن دەستارى ئىچرە ئاي،
گويىيا بولمىش قىزىل ئەبرى ئىچرە پىنھان تولۇن ئاي.

شۈئلىدىن سالمىش يۈزىگە پەردە ئانداغكىم قوياش،
بولمادى مۇمكىن دىمەم كىم تىڭلايىپ بىردەم تۇراي.

مانا بۇ مىسرالاردا شائىر ئاينىڭ سۈبھى يورۇش ئالدىدىكى كۆرۈنۈشىنى خۇددى سەللە يوگەلگەن باشقا، ئاينىڭ ئولتۇرۇش ھالىتىنى بولسا كوزلىرىدىن تارام - تارام قىزىل ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ، گۈلدەك يۈزىنى پىنھانلىقتا يوشۇرۇۋاتقان غەمكىن كۆرۈنۈشكە، قۇياشنىڭ تاڭ سەھەردىكى ئۇپۇقنى يېرىپ، ئەمدى قىزىرىپ چىقىۋاتقان ھالىتىنى بولسا يۈزىنى نېپىز پەردە بىلەن نىقاپلىغان كۆرۈنۈشكە ئوخشاتقان. مانا بۇ شائىرنىڭ ئەدەبىي ماھارىتىنىڭ يۈكسەكلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان بىر ئاددى ئالامەتتۇر.

ئەرشى شېئىرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەممىسى دىگىدەك شېئىرىيەت ژانىرىنىڭ لىرىك تۈرىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ شېئىرلار ئۆزىنىڭ ھېسسىياتقا بايلىقى، تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ موللىقى، ئوي - پىكرىنىڭ چوڭقۇر، ئوبرازلىق بايان قىلىنىشى، تىلىنىڭ راۋان، ئوتكۈر، گۈزەللىكى، ۋەزنىنىڭ خىلمۇ - خىل، شەكلىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئالاھىدە كوزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

شائىر ئەرشى ئۆز ئوي - پىكرىنى ئەركىن ۋە راۋان بايان قىلىش ئۈچۈن كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىدىن بولغان قەسىدە، غەزەل، مەسنەۋى، روبائى قاتارلىق تۈرلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ ۋەزىن جەھەتتىكى ئوخشىمىغان بەھرى خىللىرىدىن تولۇق پايدىلانغاندىن باشقا، شېئىري مەزمۇنىنىڭ ھېسسىياتلىق، تەسىرلىك، ئوبرازلىق بولۇشىنى كوزدە تۇتۇپ، مەجازى ۋاستىلارنى ئورۇنلۇق ۋە دەل جايىدا ئىشلەتكەن.

مەسىلەن:

كوزۇلۇڭ سەرخىشنەنى ئىمان نىگاھىڭ ئاپەتى جاندۇر،
قاشىڭ ئىتتىك قىاچىمۇ كىم قىلۇر ئول تەسىت قۇربانىم.
ئېشىڭ گويا دۇررى گوھەر، لەبىڭ ياقۇتتۇ ئەھمەردۇر،
ساچىڭ چۇن سۇنبۇلى سارى يۈزۈڭ دور ماھى تابانىم.
(ئوخشىتىش)

كوزۇڭ شەۋقى سالىپ كوڭلۇمگە ئوتلارنىچە، كىم كورگەچ،
جاھاننى كويدۇرۇپ كۆل قىلغۇسىدۇر سوز ئەيغانىم.
(مۇبالىغە)

قامەتىڭ سەۋداسىدىن بولغاچ قەلەندەر، سەرۋەكىم،
باشىدا خۇشكىل كۆلاھ، بەركىدىن ئولدى ژەندەسى.
(جانلاندۇرۇش)

ئەرشى شېرلىرى يۇقىرقىلاردىن باشقا، سوز ئويۇنىغىمۇ ئىنتايىن بايدۇر، شائىر ئەدىبي ئىجادىيەت جەريانىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدىبياتىنىڭ سوز ئويۇنى ئويىنىش ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ دىققەت ئىتىۋارىنى جەلپ قىلىش ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۇستۇرۇشكە يېتەكلەشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆز شېرلىرىدا ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، ئەدىبي ئىجادىيەت جەھەتتە خەلق ئېغىز ئەدىبياتىغا يېقىنلىشىشقا تىرىشقان.

مەسىلەن:

ئەيسىدۇرئانىڭ چۇ ئەيىمن ئەپلاك،
ئورتەر بارى ئالەم ئەھلىنى پاك.

شەنى ئىكىم ئارەنى جەپادۇر،
ئۇچ نوقەتىسى ئانىڭ ئۇچ بالادۇر.

قاق كىلبتان چۇ كوھى ئەتبۇھ،
ئەتبۇھ نە يەئىنى كوھى ئەندۇھ.

گاھ ئۇستىدە ئىككى نوقەتىسى ئىككى زاغ،
يوق زاغ، كوڭۇلگە ئىككى داغ.

بۇ شېرنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى «ئەيسىن» ھەرپى زىنشىق» سوزىنىڭ بىرىنچى ھەرپى «ئى» نى كورسىتىدۇ. شائىر بۇ يەردە ئىشىق يېلى خۇددى ئاسماننى چىقىپ ماڭدىكەك يەنى ئاي، كۇن،

يۈلتۇزدەك چىرايلىق كۆرىنىدۇ. قايسى پاك ئالەم ئەھلى ئۇنىڭغا ئاشىقى شەيدا بولۇپ كۆڭۈل بېرىدىكەن، ياكى بۇ يولغا قەدەم باسىدىكەن، ئۇنى ئورتەپ سورۇۋېتىدۇ دېمەكچى بولىدۇ.

ئۈچىنچى مىسرادىكى «شىن» ھەرپى «ئىشىق» سۆزىنىڭ ئىككىنچى ھەرپى «ش» نى كۆرسىتىدۇ. شائىر بۇ يەردە ئىشىق يولىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى، ئۇ جانغا جاپا كەلتۈرىدۇ. بولۇپمۇ «شىن» نىڭ ئۈچ چېكىتى جانغا قادالغان ئۈچ بالادۇر، دېمەكچى بولىدۇ.

بەشىنچى مىسرادىكى «قاف» - «ئىشىق» سۆزىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى «ق» نى كۆرسىتىدۇ. شائىر بۇ يەردە ئىشىق سەۋدالىقى ئاخىرقى چېكىگە يەتكەندە ئۇ ئاشىق بولغۇچىنى يا مۇراد مەقسىدىگە يەتكۈزىدۇ، يا بولمىسا كۆڭۈلگە ئەندىش، دىشۋارچىلىق سالىدۇ. ئەڭ موھىمى «ق» ھەرپىنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى چېكىت خۇددى قونۇۋالغان ئىككى قاغىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى قاغا يوق بولمىسىكەن كۆڭۈلگە داغ چۈشۈپ ئەبەدى يارا قالىدۇ، دېمەكچى بولىدۇ.

دېمەك، ئاپتور «ئىشىق» سۆزىنى سۆز ئويۇنى قىلىش ئارقىلىق ئىشقى مۇھەببەت مەسىلىسىنىڭ ئىنتايىن جاپالىق، مۈشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، بۇ يولغا قەدەم قويغۇچىنىڭ باشتىن - ئاياغقىچە تەۋرەنمەي ساداقەتلىك بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ لازىملىقىنى، شۇنداق قىلغاندىلا مۇرات - مەقسەتكە يېتەلەيدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكچى بولىدۇ.

ئۇندىن باشقا شائىر يەنە:

«پەنجىڭنى كۆرەر ئىسمى بەنە گاھ،
قىلغۇم دۇر خىيال زاتى ئاللاھ»

دېگەن مىسرالاردىمۇ سۆز ئويۇنى ئىشلىتىپ پەنجە (بەش بارماق) نىڭ ئېچىلىپ تۇرۇش ھالىتىنى «ئاللا» (الله) سۆزىنىڭ يېزىلىش شەكلىگە تەمسىل قىلىدۇ ۋە باشقىلار.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەرشى شېئىرلىرى سۆز تاللاش ۋە سۆز ئىشلىتىش، ئوي - پىكىرنى ھەسسىياتلىق ھەم ئوبرازلىق ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن خوجا جاھان ئەرشىنىڭ بەدىئى تالانتىنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەرشى شېئىرلىرى 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىدە بىر ياخشى نامايەندە سۈپىتىدە خۇددى تاڭدىكى چولپاندەك ئەبەدىي پارلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىمىزگە قوشقان بۇ تۆھپىلىرى ئەبەدىي ئۇنتۇلمايدۇ.

تۆۋەندە خوجا جاھان ئەرشىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى نەشرگە بەردۇق. بۇ شېئىرلار يولداش قادىر بۇلاق 1985 - يىلى 2 - ئايدا ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق ئورنىغا تەقدىم قىلغان ئۇزۇنلىقى 20 س. م، كەڭلىكى 13 س. م، بولغان 42 بەتلىك بىر مەجمۇئەدىن تاللاپ ئېلىندى. مەجمۇئەنىڭ باش ئاخىرى بولمىغانلىقتىن ۋە ئارىلىقتا بىر نەچچە بەتلەر يوقالغانلىقتىن مەجمۇئەنىڭ ئىسمىنى، كوچۈرگۈچىسىنى ئېنىقلاش مۇمكىنچىلىكى بولمىدى. ھازىر قولىمىزدا بار نۇسخىغا خوجا جاھان ئەرشىنىڭ 41 پارچە، پۈتۈھىنىڭ تۆت پارچە شېئىرى تاللاپ ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەرشىنىڭ 38 پارچە شېئىرى تولۇق، 3 پارچە شېئىرىنىڭ بېشى ياكى ئاخىرى يوقالغان. تۆت پارچە شېئىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بەش مىسرا كام قالغان. پۈتۈھى شېئىرلىرىدىن بولسا تۆت پارچىسى تولۇق، بىر پارچىسىنىڭ ئاخىرى يوقالغان.

قولىمىزدىكى بۇ قوليازما مەجمۇئە ئەرشى ئىجادىيىتىنى تەلتۆكۈس يورۇتۇپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما ھازىر شىنجاڭ مۇزېيىدا قولىيازما ھالىتىدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىدىكى 116 بەتلىك «دىۋان ئەرشى» ناملىق توپلامنى تولۇقلىما بولار دېگەن مەقسەتتە نەشرگە تەييارلىدۇق. خاتا جايلىرى بولسا كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىپ، ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

# ئەرشى شىئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

## مەسنەۋى

قەددىڭدۇر نەھالى سەرۋۇ ئازاد،
گۇلدەستەئى يەنە نىھالى شەمشاد.

نازۇك زار خىيال قىلغۇم،
جان رىشتەسىغە نەھال قىلغۇم.

قىلساڭ مەگەر ئى خىرام جانىم،
مەيل ئەتكۈسى ھەققە بى رەۋانىم

پەنجىڭنى كۆرەر ئىسەم بەنە گاھ،
قىلغۇمدۇر خىيال زاتى ئاللا.

ئورىيان قىلغان پۇتۇڭنى ھەر شام،
فەرز ئەيلەدىم ئەنى نۇترەئى خام.

كەيدىڭ نەچچە كۈن لىباس گۇلگۇن،
ئۇندىن بارى كوزلەر ئولدى پىر خۇن.

سەندەك يەنە يوقتۇرۇر نازنانى،
خۇرشىدلىققا مەھبۇبەسىنى.

خوش ئىشۋە نەما دىلرابا سەن،
ئەماكى نىيدىن بىۋەپا سەن؟!

ۋەسلىڭ تەمەئىدە زارىدۇر مەن،
سەرگەشتەئى بى قارار دۇرمەن.

ئىشقىڭ ئىلە گەر مۇتەھەممەن،
ۋەسلىڭدىن ھەمىشە بىبەھەممەن.

مەھرۇم جامال نىچە قىلغۇلۇق،
ئۈمىد ۋىسال نىچە قىلغۇلۇق.

غەيرىلىق كۆڭۈل ئىچرە يوقتۇرۇر ۋاھ،
بەلكىم يادىڭدا بولسا ۋاللاھ.

گەر دەر دىسەڭكى بى ناۋا مەن،
زۇلفۇڭ گەر، راھىغا مۇپتىلا مەن.

ھەر چەندە تىلىڭدا مۇپتىلا سەن،
كۆڭلۈڭدە رەقىبقە ئاشنا سەن.

بۇ سۆزدىن ئېتەرمە كۆكسۈمە چاك،
ئۆرتەرمە جانىمنى مىسلى خا شاك.

مۇنچە نىگە ئەيلەدىڭ دىلى ئەپكار،
يوقتۇر يەنە سەن كەبى بىر ستەمكار.

كىمگە ئېيتاي مەن بۇ ماجرانى،
كۆڭلۈمدىكى داغ ئىلە يارانى.

يا رەب نىگە مۇنچە زار قىلدىڭ،
ئىشق ئىچرە زەبۇن خار قىلدىڭ.

ھەر نىچە بولۇپ يۈرۈر ئىسەم زار،
ھالىمنى بىلمەيدۇر ئول ستەمكار.

ھەر چەندە ئىشتىمسەم مالامەت،
جانىمغا يىتەر تۇمەن ھالاۋەت.

دەرد ئىلە فىراقتۇر سەرنىشتىم،
مېھر ئىلە ۋەپادۇر سەر نەۋىشتىم.

ھىجرە ئىلە خاراپ فىرقەتىڭمەن،
مەخمۇر شاراپ شەفقەتىڭمەن.

ئەرشنى ئۈنۈتما گاھى ياد ئەت،
ۋەسلىڭ مەيى بىرلە بەلكى شاد ئەت.

ئول نەۋئى ئىچىپ ئانى بولاي مەست،
ئالدىمدا توققۇز فەلەك بولۇپ پەست.

ئانداغ ئۆرتەي ئىككى جاھاننى،
نە ئىككى جاھاننى بەلكى جاننى.

يۈز جان ئىرور ئەرنسار بولسۇن،
مەھۋى مەي لەئلى يار بولسۇن.

II

ئىنشا قىلۇرۇم فەسانە ئى ئىشىق،
ئول نەۋئى دىۋان نىشانەئى ئىشىق.

ئالەمگە تىلىمدىن ئوت ياقىلسۇن،
ئالەم ئېلى كۆڭلىگە ساچىلسۇن.

ئەلقاب كېلىپ ئەزەلدە ھەم ئىشىق،
ئەل زىكرى بولۇپ ئەبەد دائىم ئىشىق.

ئەيىندۇر ئىشىڭ چۇ ئەيىنى ئەفلاك،
ئۆرتەر بارى ئالەم ئەھلىنى پاك.

شىن نىكىم ئەررەئى جەۋادۇر،
ئۈچ نۇقتەسى ئانىڭ ئۈچ بالادۇر،

قاف كىلىبان چۈكۈھى ئەنبۇھ،
ئەنبۇھ يەئنى كۈھى ئەندۇھ.

گاھ ئۈستىدە ئىككى نۇقتەسى ئىككى زاغ،
يوق زاغ كۆڭۈلگە ئىككى داغ.

www.uyghurkitap.com

ئەۋازەسى پۇر بولۇپ جاھانغە،
ۋەسفى داغى سغمايمن بايانغە.

دەرد ئىچرە كوڭۇل خاراپ ئاندىن،
جاننىڭ داغى ئىزتىراپ ئاندىن.

ئاندىن ئىبرور ئەھلى دىل فەغانى،
بەلكىم بارى مېھرى قوزغىلانى.

ئىشق ئەھلىغە دۇر ئام ئاندىن،
مەئشۇ قىغە ئىززۇ جاھ ئاندىن.

بىردىنى قىلىپ ئەزىز ۋە خۇررەم،
بىردىنى ئاگا زار ناتىۋان ھەم.

بىر كىمە سىنى بىرىگە ئاشىق ئەيلەپ،
ئىشق ئىچرە ئاتىنى سادىق ئەيلەپ.

بىرىنى ياساپ ئاپەت زامان ھەم،
بىرىگە نەسىپ ئەتمتى فىغان ھەم.

بىردە كورۇنۇپ بۇد پەرىۋەش،
زاھىر يەنە بىردە بىر بالا كەش.

گەر ئىلىگە شىۋە ئىشقىبازى،
نازى ۋە ئەگەر بىرى نىيازى.

شەمئى ئىچرە ئىچىلدۇرۇپ گەھى گۈل،
پەرۋانەنى كويدۇرۇپ چۇ بۇلبۇل.

..........................................
..........................................

..........................................
..........................................

# غەزەللەر

× × ×

........................................................................

........................................................................

........................................................................

........................................................................

ئشق تىغ بىرلە جانىم دەر منى قۇربان ئەيلىسە،
بولىا جان يۈز بولماسۇن ھەر كۈندە قۇرباندىن خالاس.

كىم سىنىڭ ئىشكىڭنى ياستاناماقدىن ئۆلىشدۇر مولۇل،
ھىجر ئىلە تا روزى مەھشەر قلما ئەرماندىن خالاس.

ئەرشنى قەددىگاھىڭدىن خالاس ئەتكىل دىسەم،
دىدى قلمام بولىسا گەر ھوكمى سۇلتاندىن خالاس.

× × ×

باش ئاياغىمدىن نشان بەرمەككە گەر يىزىلسا خەت.
ئول خەت مۇھۇمدەك باشدىن ئاياغ بولغاي غەلەت.

سەجدە ئەيلەپ قاشلارىڭ ئوتراسىدا ئۆلمان باشىم،
نە ئۈچۈن مەتلۇبۇم ئىرمشدۇرنىگاھى ھەددى سەت.

نچە غەم چەكسەم خىتىڭدىن بولدى چىھرىم زىننەتى،
لەۋھى زەررىن ئۈزرە ئانداغكىم ياراشقاندىن سەمەت.

بىر دەرەم چاغلىق زاكاتىدىن ماڭا قىلمىش دەرىغ،
دۇررە ئەشكىمدىن تەلەپ كويىدا ساچسام يۈز نەمەد.

كوزلارىڭ مۇردەملارىنى كوزگە ئافەتمۇدەيىن،
يا مەگەر كەلدى جەفا جىسىمدا يازىلغان نوقەد.

بار مەلەك خەلىقە گەردۇن زۇررەتى نىلىن ئىرور،
ھىجرىدىن تا كوككە تىگۇر سۇنبۇل ئىشكىم بولدى شەد.

زەر قىزى ھەنگا مەسىدىن ئەرشى ئانداغ بولدىكىم،
كوزلارىم شەكلى موھىت مۇردەمى دىنارغا بەت.

× × ×

www.uyghurkitap.com

پەرىلارگە شىئار ئولمىش ئەگەرچە بىۋەپا بولماق،
ماڭا مۇئتاد ئىرۇر كويىدا ئانىڭ بى نەۋا بولماق.

مىسلى ئەردىكى ئادەمگە پەرى ۋەسلى ئەمەس مۇمكىن،
ۋەلى بولدى ساڭا يۈز ئانچە مۈشكۈل ئاشنا بولماق.

..............................................................

فالاس پەقرىنى ھەركىم كورەر زەر باپىدىن ئەئلا،
مۇيەسسەر بولسە گەر ئول شوخ كويىدا گەدا بولماق.

ھاۋايى سۈنبۈل ئەز كوڭۈل يۈتىغە بەند ئولمىش،
نە ھاجەت ئول سەنەمنىڭ تارى مويىدىن رىدا بولماق.

ئەزەلدىن ئوق كوڭۈل نەقدى نىسار ئىشق بولغاندۇر،
ئەمەس ھاجەت پەرىلەرگە كىم ئولدى دىلرەبا بولماق.

خىراملىق چاغى لوتفى ئەيلەپ نە بولغاي پايمال ئەتسەلا.
ماڭا بەس كىم تەمەننادۇر كويۇڭدا خاكسار بولماق.

نە مۇمكىن جان قۇشى تاپماق ..........
كى باشىدىن ئوق ئاڭا قىسمەت ئىمىشدۇر مۇپتىلا بولماق.

بۇ جان باشىغە ئەي زالىم دەمى تىغىڭ تەمەننا دۇر،
زەبىس جان باشىغە مىسراج تىغىڭغە پىدا بولماق.

جەۋھەرى ئوت ئىچرە سالغىل سالما ھىجران ئوتىغا يارەپ،
بەسى مۈشكۈل دورۇر مەئشۇق ئاشىقدىن جۇدا بولماق.

ئەگەرچە بى نىشان بولماق ساڭا مەتلۇبدۇر ئەرشى،
ۋەلى مەرغۇپدۇر مەھرەۋىلارغا خۇد نەما بولماق،

× × ×

يۈز كەررەدۇر ئاندىن ئۇلاشاچ ئەيلەمىش كوڭلۇم قەلەق،
شايەد ئەتكەي رەپئى بۇ مۈشكۈللارىم رەببىم نەلەق.

مەن قاچان ئۆز كوكلىدىن ئەتتىم جەستجۇ ئەۋۋەلدىن ئۇق،
قىسمەتىم كەلمىش زەبەس مەي بىرلە كەيفۇلمۇتتە فەق.

ئەئنىك دۇررىن تىزغالى جىسىم ئۆزرە كوزلەر ھىكمەتى،
گويا كى كەۋكەپ ساچىلغان يەر ئۆزرە يەتتى تەبەق.

بىلمەي ئۆز ھەددىن قەلەم قىلغاچ ھەۋەس تەسۋىرى ئىشق،
سەرنە گۈن يۈزى قارا ھەم ئول بولۇپتۇر باشى شەق.

كور نازاكەت سەيلىدىن گاھى تاك گۈلرەڭنى كىم،
مەيلى رەپتار ئەيلەسە زاھىر قىلۇر يۈزدە ئەرەق.

كىرگەچ ئول كافۇر پەردە جىلۋە گۈلگۈن ئەيلەمىش،
گۈن ياشۇرغاچ جەمە ئولغاندەك ئۇفۇق بىرلە شەفەق.

زىكرىم ئولدى ئۆمۈر ئىشق ئىچرە ئىچۈككىم سورمىدى،
ئىشق پىرى ئەيىن، شىنو ۋە قاندىن ئۆزگە سەبەق.

ئۇتقا تۇتتى مەھۋى بولماي تەتكۈسى ناگاھ قىلە
قايدا قالسۇن سوزلەشى ئىشق ئىچرە ھانوندىن سەبەق.

گەر پەرىشان مەن پەرىشانراق بولايكىم ئەرشىنىك
قىسمەتىم كەلمىش زەبەس مەي بىرلە كەيفى مۇتتەفەق.

× × ×

كىمسە ھەرگىز كورمىگەي بىر تەرز ئىلە بىر نازىلىق،
ناز شىرىن پەردەسىدە قىلغاي ئول تەن نازىلىق.

قوزغالىپ ئەھلى جاھان تۈرلۈك تاماشا ئەيلەگىز،
ئۇت ساچىپ ئاھىمدىن ئەيلەي تورفە ئاتەش نازىلىق.

چەكسەم ئول بىر رەشك گۈل ھىجرىدا تۈرلۈك نالەلەر،
قاندىن ئەتكەي بۇلبۇلى بى خانىمان دەمسازىلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇنچىمۇ بولغاي ستەم چۇن زۇلمى شىپە سەنگدىل،
ھەردەمى يۈز جەۋرى قىلسا ھەم قىلۇر ئۇل نازلىق.

سارغىيىپ خۇرشىد كوكتە يەردە گۇللەپ ھەسرىتىڭ،
مۇنچە ھەم بولمىش ساڭا ھوسنى ئىچرە ئەيگىل شازلىق.

ئات ئاياغىدا قالۇر فەرھاد مەجنۇن يۇتلاشىپ،
ئىشق مەيدانىدا قىلسام نەچچە تەركى بازلىق.

چەرىخ ئارا خۇرشىدىدەك بارمەن جاھان ئىچرە غېرىپ،
دەرد مەندى تاپمادىم قىلغاي ماڭا ھەم رازلىق.

شاھىدا ئەرشىغە مەئنى كەيدۈرۈپ تۈرلۈك لىباس،
كوزگۈزەي ئەھمەدى خىرەد ئەھلىغە سۈپەت سازلىق.

× × ×

سارىغ كۇلاھ ئىلە ئۇل شوخ گۇلى قاباغە باقىڭ،
گۇلاھى ئۈززە ساچىلغان داغى چىلاغە باقىڭ.

سانانى ئىلكىدە بىرگە زەرەر سوراغىنى سىز،
قارا - قارا مۇژژە بىرلە كوزى قاراغە باقىڭ.

زوھۇر زاتىدىن ئەيلەپ نەچچە قارا كاكۇل،
بۇرەڭ رەمۇز ئىلە سەنئەتى خۇداغە باقىڭ.

نەمۇد زۇلفى يۈزىگە يەتتىلەر سىز تەشبىھە،
قارا تۈن ئۈيقۇ قوپۇ بان سەھەر ساباغە باقىڭ.

بۇ شىۋە بىرلە مەگەر غارەت جاھان قىلماس،
خالايىق ئىچرە سەبى شىۋا تالاغا باقىڭ.

ساداغى ئۈچىدا ئاسرابدۇر بىر بولەك قاتىل،
جاھان خارابىغە ئۇل كافىر بالاغە باقىڭ.

ۋەپا ئىلىگە ئۇرار دەم بەدەم جاپا تىغىن،
پەلەك ئىشمىنى كورۇلۇ شوخ بىۋەپاغە باقىلى.

ناۋايى گەرچە نەۋا تاپمايمەن ئوتتۇپ سىزدىن،
كىلىگكى ئەمدى سىز ئەرشى بى نەۋاغە باقىلى.

× × ×

ئاتەشىن لەئلىگكىم ئوت لەبىدىن نەمۇدار ئەيلەمەك،
دىل ئەجەپ كىم ئوتىدىن ئوتنى گەرچە ئىزھار ئەيلەمەك.

رەشمى ئاناگىم دەفتەرى ھوسنىن كوڭۇل قىلسا ھەۋەس،
يەلدە سورۇلغان ۋەرەقلاردىنمۇ ئەفكار ئەيلەمەك.

دىمەسە بىلمەس كوڭول دەردىنى دىسە قەھر ئىتەر،
مۇشكۇل ئولدى ئاسرىماغلىق تا ھەم ئىزھار ئەيلەمەك.

بىلمەدىم ۋەجھىن نىدىندۇر ئەبلە بان قەتئى نىزار،
زارە كوڭلۇم زار ئەيلەپ زار ئۈزرە زار ئەيلەمەك،

يوق ماڭا خىلۋەت ۋەلى يار ئۆزگەلەرگە تورفەكىم،
يارنى ئەغيار دەپ ئەغيارنى يار ئەيلەمەك.

ئاچما كوز كوستاخ ئولۇپ ئۆيقۇ چاغدا ئانى كىم،
خوپ ئەمەس كىرپىك سادا سى بىرلە بىدار ئەيلەمەك.

يۇقسە جان قەسدى ئانا ئەرشىنى نىدىن دەرسەن بۇ كىم،
لەبنى بىر ئەپسۇن كىرۇ كوزلەرنى ئەييار ئەيلەمەك.

× × ×

نە مۇمكىن سەئى ئىلە كويى سارىغە نەچچە ئۇرسام تەك،
تەمەننا ھالقىسىدۇر ئول قوياش ئىشكىدە سالىنچەك.

كويۇپ ۋەسلىدە ھەم ھىجرىدە سارغارماقلىغىم گويا،
ئىرۇر كەيگەنگە ئوخشا نەستەرىن يافراغىدىن كوڭلەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇللۇۋى دەرگەھىڭگە تىكىلىنىپ بىردەم بەقا ئالماي،
ئاتىڭ سۇنغان ساپالىدىن پاسارمەن كوزۇمىغە ئەينەك.

ئېلىپ تەمسىلى كىم جانلار ئارا قاش ياسىدىن ئاتقان،
خەدىڭ تار مىژگان پارەسىدۇر دىمەڭىز ناۋەك.

مۇھەببەت غەيرىتى كۆلگۈن ھەر،رىن قىلمىشى ئانداغكىم،
تۇن ئاخشام تىكمە جەيبىغە ئەگەر مەھكەم ئېرور ئىلمەك.

نەئەد زۇلفۇڭ ساداسىن قىلغايمەن ... ...،
ئېنىڭ بوينىغە تاناbىدىن ئالاي زىننار ئۆچۈن ئولىمەك.

لىبىڭدا ئۈستۈن ئاستىن ئىككى خالىڭ جانغا ئىككى داغ،
نەئىمكان بولغاي سەئى ئەيلا گەي نۇقتىسىدەك ھەك.

بولۇپ ھەم سەئى ھالەت بولمىغاي ھىجران بالاسىدىن،
خۇشا ئىككى كوڭۇللۇك بولسا ۋەسلى ئاخشامدا بىرلەك.

لەبى لوتفى بىلە ئوتلۇغ ئازار شىۋەسىن بىلدىم،
بىرىگە قەسىد تىركۈزمەك ئىكەندۇر بىرىنى كويدۇرمەك.

فىراق ئەندۇ ھىمدىن ئومۇر ئىچرە بىردەم بولمادىم پارىغ،
كېچىكىدىن ئوق ماڭا ۋەرزىش ئىكەن كەمرى ئەمگەك.

فىراق ئوتىدا ئەرشى ئورتەنىپ ئولسەڭ سائادەت بىل،
يەھەم بولماس كىشىگە كويىدا بۇرەك ئولمەك.

× × ×

ساچسا گەر ئەندەك زاكاتى ھوسنى ئول كانى نەمەك،
تۇزغا قانمىشتۇر جاھان ئەھلى سامادىن تاپىمەك.

پارىغ ئولماس ئالتەدىن رەندانە يۈركىم باك ئەمەس،
خاھى ئوك ۋە خاھى سول چورۇلسە گەز پەتتە فەلەك،

خاھى كويدۈرسۇن ئۇزارى، خاھى تىرگۈزسۇن ۋەلى،
ھالى يەگىلىغ نەيلا يان، چۇنكىم چۇشۇپمەن مۇشتەرەك.

پەردىدە بولغاچ نەھان كوز ئەيلەمىش مەيلى نەزەر،
كۇن ياشۇنغاندىن كېيىن چۇنكىم ئۇچارلار شەپەرەك.

دىدى قاسىد گەرچە ئاشىق سەن ۋەلى سورتى بۇدۇر،
نالئى سەجد چەكسە چەككىل بولسا ھەم ئاھستەرەك.

ئاھ كوپ يەجەش ئىلە چەكتىم ئاڭا ئېيتار ئۇچۇن،
خاھ ئانى باش ئەيلەسۇن خاھ ئەمدى بۇركىگە كەچەك.

خالىن ئىزدەپ داغى تاپتىم زاتىن ئەيلەپ كوپ شەفئى،
چۇنكى شەيئىللا چېكىپ سايىل دەرەم ئەيلەر تىلەك.

گەر ماڭا ئىشق ئەھلى شىركەت دەئۋا قىلسا نە غەم؛
ئەرشنى ئىشق ئالغامىش چۇنكىم ئېرور ئىسلە مەھەك.

× × ×

بەسى كوڭلۇمنى ئالدىڭ بىر نىگاھى بىرلە ئەي جانىم،
ساڭا ئەدى فىدا ئەيلەپ بۇ جانىم بەلكى ئىمانىم.

ئىشتىسام ھەر كۇنى سەن ئاندا شاد خۇرام ئېرمىش سەن،
بەنى سەنسىز زەبۇن بولدى ئىمىنىڭ ھالىم پەرىشانىم.

مۇھەببەت ۋادىسىدا ھەركىشى بىر سارى مەيلاندۇر،
بۇ ئالەمدە مېنىڭكى سەندىن ئوزگە يوقتۇر ئەرمانىم.

كوزۇڭ سەرفىتنەئى ئىمان نىگاھىڭ ئافەتى جاندۇر،
قاشىڭ ئىتتىك قىلىچ مۇكەم قىلاۇز ئول قەسىد قۇربانىم.

تىشىڭ گويا دۇررى گەۋ ھەر، لىبىڭ ياقۇتۇ ئەھمەردۇر،
ساچىڭ چۇن سۇنبۇلى سارى، يۈزىڭ دۇر ماھى تابانىم.

كۆزۈم شەۋقى سالىپ كۆڭلۈمگە ئوتلار نىچەكىم كۆرگەچ،
ماھانى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلغۇسىدۇر سوز ئەفغانىم.

ماڭا بەس كۆشەئى خاتىر ئېرۇر ئول شاھى خۇباندىن،
ئەجەپ ئېرمەس ئەگەر ئىشق ئەھلى بولسا بەندە فەرمانىم.

مۇژدىلىك چۇن ناۋەكى جاندۇر داغى تەڭ غۇنچەدىن ئاغزىلىك،
بىلىلىك چۇن خۇيىچەئى گۈلدۇر قەددىلىك سەرۋى خىرامانىم.

تەلەپ ئولدۇركى ئەرشنى ئۇنۇتما گاھى ياد ئەتكىل،
بەسى كۆڭلۈمنى ئالدىڭ بىر نىگاھى بىرلە ئەي جانىم.

× × ×

زەھى تۇرلۇك ناۋا قۇشلار تىلىدىن ھەمدىلىك ئاياتى،
مەللۇن باغ ئارا گۇل ياپراغىدا سۇنئىلىك ئىسپاتى.

جاھان مەھرۇ ھىلارىغا ئۇزلىگىدىن يۇد ئەمەس مۇمكىن،
كى بىل ھوسنىلىك زوھۇرىغا ئېرۇرلار بارچە مەرراتى.

بىرەر قەھرىلىك ھىراسىدىن كەمەر تەقۋىغا ئەيلەپ ھەد،
كى مەن لوتفۇڭغا ئەيلەپ تەكيە بولمىشمەن خاراباتى.

خىرەد پىرىغا نەھەد زاتىڭ ئەۋساپىدا دەم ئۇرغاي،
ئاشار كوك تاقىدىن ئولدەم مەگەر ھەيھاتى - ھەيھاتى.

كىشى بىھەد سۇپاتىڭ مەزھەرىنىڭ ھىكمەتىن بىلمەس،
بولۇپ بەئزى خارابات ئەھلىدىن بەئزى مۇناجاتى.

مازاھىرىدا ئەتتىم لېكىن نىگە بىر نازىش ئەتمەسىمىز،
قۇياش نۇرىدىن ئولسا زەررەلارنىڭ كوپ مۇناجاتى.

سىفاتى ۋە سىنئىدە ھەركىمگە ھەد ئىبتەر ئىمىش ھەددىن،
تۇگۈنمەس مىڭدە بىرى مىڭ يىل بولسا ئۇمىر ئەۋقاتى.

ئاتائىماق تەسىد ئېتەرسەن دەھر ئاراكىم نامىلىق ئىستە،
كىشى يوق ئەيلەپ ئاتىن قالۇر باقى‌ئەنىڭ ئاتى.

نەھەد ئەرشى ساڭا ۋەسپىن دىمەكدە چەك قارا تىلنى،
بايان ۋەسپىدە چۈنكىم مۇتەددەسدۇر ئۇنىڭ زاتى.

× × ×

بۇ ئالەم مۇلكىدۇر يەل ئۈزرە بەرباد،
كېتەر ئاندىن بارى بىردەمدە بەرباد.

بۇرەڭ بەرباد بولماغلىق بىلىپ ئىل،
ھەجەپ ئۇلدۇركى ئۇلغايلار ئاڭا شاد.

ئېرور تەمكىنى ئېنىڭ زەررە مانەند،
ئەمەس مۇمكىن ئېنىڭ لەۋزىدە بۇنياد.

تېرىكلىك قۇشلارىن تۇتماققا بارىپ،
ئەجەل سىررىشتەسىن ماندە سەييااد.

سىنان كىرپىكلارىدىن تارتىبان يۇز،
قىلىچلار قاشىدىن ئەيلەپ مىسلى جەللات.

..............................

..............................

× × ×

ئارەزىن زۇلفى قىلدىنم مېھرى پەرتاپ ئارزۇ،
تاڭ ئەمەس خۇفاش قىلسا تۈندە مەھتاپ ئارزۇ.

بۇكى مەجنۇنلۇقتا چۇشتى كوڭلۇمە سەۋدايى زۇلق،
نىگە قىلغاي مەندە ................ ئارزۇ.

ئۇنىدا تاپماي تۇشتە كورگەيچ ئارزىنڭ ھەر تۈن كوزۇم،
قىلدى كوزلار ... مۇنداغ شىشىر خوپ ئارزۇ.

چىلۋىنگەر ئول بۇت ھىلالىن كۆرگەچ ئاق باش ئۇندۇردۇڭ،
كەئبەدە گەر سىزگە دەۋرى شەيخ مىھراپ ئارزۇ.

قاتىھ ئولماي كويىدا ئىتتىلەر ئاياغى قانغە،
تەشنە ئۆلگەيمەن گەر ئەتسەم بادەئى ناپ ئارزۇ.

نەۋكى مىژگان نىسى نۇشىن ئەرشى گەر قىلسا ھەۋەس
باۋەر ئەتمە چىن دىبان قىلدى جورا ناپ ئارزۇ.

× × ×

كۆرمىدىم كۆڭلۈمنى ئالۇرغا سەن كەبى يارنى يەنە،
خەستە جاننى تىرگۈزۈرگە لەئلى دەريايى يەنە.

جەننەتى فىردەۋسى ئارا گەر ھورى رىزۋان ئىستەسەم،
تاپمىغايمەن بىر سىينىڭدەك ساھىبى ئەسرار يەنە.

ئاي، كۈن پەيكەر، يەدى بەيزاغا پەرتۇ سالدىڭۇ،
كىم كۆرۈپتۇر بۇ كەبى دەھرى ئىچرە دىدارى يەنە.

تىشلارىڭ ياددىدا ھەردەم دۇررە غىلتان يىغلادىم،
بولماغاي ئىشقىڭدا مۇنداغ چەشمە خۇنبارى يەنە.

ۋەسمى ئىبتاي دەپ گەر ئىتىڭ تۇتسام زىبانىڭ ئۆرتەنۇر،
يوقتۇرۇر ئالەمدە بىر مەندەك گىرىفتارى يەنە.

تاغ ئارا غەم تىشەسىن ئۇرماقغا فەرھاد ئەيلەدىڭ،
كۆرمەس ئىرمىش ھىچكىم سەندەك سىتەمكارى يەنە.

گەر ھەقىقەت ئىستەسەڭ بىلگىم ئاجايىپ دىلبەرى،
تۇرفە مۇنداغ بولمىغاي بىر مەست خۇنخارى يەنە.

تىرە قىلغان روزىگارىمنى بۇ كوزى قارا دۇر،
مەئلۇم ئولكىم يوقتۇرۇر مەندەك دىل ئەفكار يەنە.

بىناۋادۇر گەرچە كويۇڭدا تۇمەننىڭ شاھلار،
بارمۇ دۇز ئەرشى، كەبى بىر ئاشىقى زارى يەنە.

× × ×

كەئبەنى رۇم ئېيتىدۇر ئارزىنىڭ خاتاسىنى،
ھىندۇ، ھەبەش بىغىشلايىن كوزلارىڭ قاراسىنى.

ناۋۇكىن ئاتسە ھەر زامان جان كوڭۇلگەيى دەرىغ،
كوز قاراشىن فىدا قىلاي ئوقلارىڭ ياراسىنى.

رەمزى رەمۇز بازىغە يوق بارىمنى نىياز ئېتىپ،
جان كوڭۇل گۇرۇ قىلاي شىۋەئى خوش ئاداسىنى.

نەچچە كويىدا يۇرسەم ئاھ يىقىلىپ ئاھ قوپۇپ،
بىر نەزەرىنى سالمىدى ئاشىقى بىناۋاسىنى.

ئورتەسە گەر خىيالىڭىم ئېيتۇرمىش ئەجەپ دۇرۇر،
ۋەسلى چاغى ئەگەر كىشى ئەرزىنى دىلرەباسىنى.

خالۇخىتى يۈزىدە دۇر جەۋھەرىدىن ساچىپ ئانگا،
لەئلى ئۇزرە لەئلى توككەيمەن لەئلى راۋان ماراسىنى.

ئولگۇچە ئەرشى، يۈز بىر كۈن ئولسە نەتەككەي ئول،
زالىمى شوخ پۇر جاپا بىر يولى مۇددىئاسىنى.

× × ×

خىلادى رەسپى تۈچۈن بۇ رەمزەدىن بولماس كىشى ئالە،
پەرىزادى پەرى ئاشپىدىن تەۋنزى تاپقاي ۋە.

فىغان ھىجرىدا چەكتىم ۋەسلىدە ئانىدىن مۇ ھەم ئۆزتەر،
نىچۈككىم گۈل ۋىسالىن تاپسا بۇلبۇل كوپ چېكەر ھەم.

مەنۇ زاھىد چېكەرمىز ناھۇ ۋاھ بۇ دەھرى ئارا ھەرچەند،
كى بىر باغ ئىچرە گويا نالە بۇلبۇل چۇغزە ئۇرار قەھقەھ.

www.uyghurkitap.com

نەسىمى گەر ئەمەستۇر گۈلشەنى ۋەسلىڭ تاماششاسى،
ئىبرۇر باغۇ ئىرەم دەۋزەخ ماڭا ئىردەۋىس ئاتەشكە.

كوزۇم چاي مەي ۋەسلىڭدىن مەھرۇملۇق كورسە،
ئىبرۇر كەۋسەر سۈيىن نۇشى ئەيلىمەك كوڭلۇمگە مۇستەكرە.

گادايى كويۇڭ ئولغاچ نەچچە يىللار غەررە دەرگاھىم،
قويار تاش باشىغا ھەردەم مۇرەسسە تاج قويغان شەھ.

سۇنۇق كوڭلۇم ئۈزارىن شەۋىدىن تاپمىش بۇلۇتلۇقكىم،
ھىلال ئانداغكى ئولەش مىھرىدىن ئۇن توت كۇنلۇك مەھ.

كوڭۇللار يۇسۇفى ھەردەم ئەسىر ئەتمەك ئۇچۇن ھەيھات،
زىنەختانى ئارا كۇن چەشمەسىدەك كۇلكى قازمىش چەھ.

ماڭا مەتلۇبدۇر سوز ئىبرۇر زاھىدغا ئاسايىش،
نىچۇككىم مەن ئىبرۇرمەن ئاشىق ئول مەردەم ئىرىپ ئەيلەھ.

نەچچە ئوتلار باشىڭدىن دۇد ھىجران ئەرشى بىلمەيكىم،
قارا پىر باشىغا چەككەن پىرى بولماس نىچۇك ئالەھ.

× × ×

ئىشق ئارا مەن ئولدۇم ئەغيار ئولدى ... كام ئىلە،
تورەپەكىم ئول جان تاپىپ گەر ئولسا مەن بەدنام ئىلە.

خۇش ئىبرۇر كىم نازىنىدەك چۇنكىم تىتىپ ئاچچىق سۇچۇك،
لۇتفى بىرلە سورىسا گەر ھالىمنى ھەمىم دەشنام ئىلە.

سارغارىپ تىش، باش ئاقارىپ پىشمادى ئاخىر ئاشىم،
چۇنكى يۇردۇم ۋەسلىن ئىزدەپ كوپ ئۇمىدىم خام ئىلە.

نەچچە ئىچمەك ئەتكەسەن ئى ساقى پەيدەر پەي تۇتۇپ،
بىر يولى ياغۇ يىقىت ياياز خۇمارىم جام ئىلە.

... بىر كۇن ئولغاچ سۇڭەلەر سەۋتى ساماىىدىن مۇاول،
چالدۇرۇپ جەڭ ئويىنىدىن ... ... ئىلە.

گاهى چېھرىم ئۆزرە ئول باش شەرھى ھال ئەيلەپ تۇرۇپ،
ئەيلىگەيمەن ئەرزى ھالىمنى ئەچۇك ئەئلام ئىلە.

زاھىد ئەملىن قويكى ھەر بەند نوش ئېتەر كەۋسەر سۇيىن.
بىر دەمنى بولسە ھەم بۇلبۇل ... ئاشام ئىلە.

كويدۇرۇپ كۆل ئەيلىدى جىسمىمنى ئانداغ ئىشىق كىم،
ئومۇر ئىچى بولدۇم نەبىر ئاغاز نە بىر ئەنجام ئىلە.

ئىشىق ئارا بۇدۇر مزىەللەم ئەرشى ئۆزلۈك تەركىن ئەت،
ئولگۈچە رەسۋالىق ئىستەپ ئول بۇنىگدەك نام ئىلە.

× × ×

كۆلۈپ ئاچتى جامالىن بىر كۈن ئول ماھ ئۆزگىچە،
دەرمەن ئۆز ھالىمغا بۇ دەم شۈكرىلىللا ئۆزگىچە.

چىن ھوسنىدىن ئېلىپ ئولدىم ئاچىلسا گۈل كەبى،
بولمىغاي يارەپ بۇ ئاپەت پىشە ناگاھ ئۆزگىچە.

ئۆمرى ئىچى سەئى ئەيلابان بىر شوخ ھالىن تاپمادىم،
بۇ نە ھالەت كىم بولۇر گاھى تۈزۈك گاھ ئۆزگىچە.

خاھىشىن گەرچەندە ئىزدەپ خاھىشىغا سىغمادىم،
بارمۇ بۇ ئاپەتكە بىلمان ياكى دىلخاھ ئۆزگىچە.

ئەي فەلەك كوكسىڭدە زىمىن گەرچە كوپدۇر قىل ھەزەر،
تىرە دىلرۇز ئۆزگىچە بۇ ناۋەكى ئاھ ئۆزگىچە.

يوق. بارىن تەرك قىلىبان تاكە تاپىماق يوقتۇرۇر،
تورفە تۈركىم بۇ زاماندىن ئىزدەر ئەل خام ئۆزگىچە.

ئەرشىنى ياستان فەقىر كويىن قىلىما شەۋكەت ئاررزۇ،
شەۋەتى گۈلخان بولەكتۇر شائىنى خەرگاھ ئۆزگىچە.

× × ×

دەھرىنىڭ ھالىن كورۇڭ كىم بولدى ھالى ئۆزگىچە،
بىلمان ئايا بارمىدۇر ئىنىڭ خىيالى ئۆزگىچە.

تەقۋايى ئەيلەپ دەھر ئارا يول تاپمىدۇق كەل ئى رەفىق،
مەست ئولۇپ مەيخانىلار يەڭلىغ بارايلى ئۆزگىچە.

ئەي مۇسەۋۋىر سەھۋە ئەيلەپ قىلما تەسۋىرىڭ خىيال،
كوزى قاشى ئۆزگىچە ئىنىڭ خەتتى خالى ئۆزگىچە.

بولەۋەسلەر غىمىنى ئاڭلاپ كىلىڭ ئەھبابىمكىم،
تەلمۇرۇپ ئوتراسىدا ئىنىڭ تۇرالى ئۆزگىچە.

تابى كەلتۇرمەس نەزەر ھوسنى جاھان ئاراسىغا،
ياشۇرۇن كوپ پەردە ئىكى نىن قارالى ئۆزگىچە.

سارغارىپ گاھى قىزارىپ مىھرى مە بىر ھال ئەمەس،
ئەيلەمىش ئىنىڭ ئۇزارى ئىنتىھالى ئۆزگىچە.

ئىشىق ئارا قەدر ئىستەسەڭ بىباك بولكىم ئۆزگىمدۇرە
ئەھدى تەقۋا ئاندەلارلا ئابالىنى ئۆزگىچە.

قىلسا كوز قارەت كوڭۈلنى يۈز قىلۇرگە جەھد،
زۈلفى ئاڭا تەقۋا ئىلە ئەيلەپ جەم دالا ئۆزگىچە.

دەھرى ھەر چەند كەلسە ئەرشى سەن سەرى بىل زەھرى چەند،
بار دىجان قەسدىن ئالۇردىن ئىھتىمالى ئۆزگىچە.

× × ×

ۋىسالى ھىجرىدىن نالان كورەرمەن جانىزارىمنى،
ماڭا يارەب نەسىپ ئەتسەڭ نە بولغاي گۈلئۈزارىمنى.

نىچە بى رەھمى ئىلكىگە بولۇپمەن مۇپتىلا ئاخىر،
ساۋرۇشلار ھاۋاغا ھەر كۈنى غەمكىن غۇبارىمنى.

تاپىپ ئىشقىم كامال ئانداغكى روھى ۋامۇقۇ پەرھاد،
كىلىپ پەرۋانە بەڭلىغ ئويزىلۇر شەمئى مازارىمنى.

كورۇپ ئەھلى تاماشا نەۋ باھار لالەزار دەرلەر
باغرى قانىن شەفەق كۈن ئەيلاگان گاھى ئۈزارىمنى.

دىگىل بۇ ئومرى ئالەمدىن ۋاپايى كورمىدىم ھەرگىز؛
بۇ دەھرى ئىچرە ئىنەئەس ئالغۇنچە بىلمەسمەن تۇرارىمنى.

ئەگەر گۈل پەردەدە بولسا نىچۈك ئارام ئالۇر بۇلبۇل،
يۈز ئاچقىل بىر قاراپ ئوتكىل بۇ جان بى قارارىمنى.

نىچەكىم تەشنە جانىدۇرمەن مەيى لەئلىڭغە ئەي ساقى،
تەبەسسۇم جامىنى پۇر ئەيلىگىل دەفئى ئەت خۇمارىمنى.

جامالىڭدىن نەچچە مەھرۇم ئولۇپ مەھزۇن يۈرۈپ بۇلبۇل،
ۋىسالىڭ بىرلە مەمنۇن ئەيلەگىل ئۈمىدۋارىمنى.

بولۇپمەن شاد كوڭلۇم داغىنى قايغۇدىن ئالغايمەن،
كورۇپ خۇرسەند ئالۇر بى رەھىم ئاچىلغان لالەزارىمنى.

ئەگەر ئەنقا ئالۇر بولسا نىشان مەندىن نىشان تاپماس،
فەنا دەشتىدە نەپەيدا كورەرمەن مىرغەزارىمنى.

لىقا مۇمكىن ئەمەس تەجرىد، ھاسىل قىلمايىن ئەرشى،
خازان بەرگى كەبى بەرباد ئەيلەر ھەرنە بارىمنى.

× × ×

دەرىخاكىم مىنى تاشلاپ بۇكۇن ئول دىلرەبا كەتتى،
قالىپ دەرد ئىچرە ئانچە ئاشنالار ئاشنا كەتتى.

نەزەردىن كەتتى ئاتىن ئوينىتىپ ئول چابىكى چالاك،
ئەزىنىملىك تۇفراغىن كوزۇمگە ئەيلەپ تۇتىيا كەتتى.

نەسۇدا ئەندى ئەگەرچە بولسا چۇنجۇز مېھرىلەر پەيدا،
نەتەي ئەمدى ئىككى ئالەمدە دوررە بى باھا كەتتى.

خۇشا بەزمى ۋىساللىق دىن نەچچە كۈن كامران ئىردىم،
بۇكۇن ماھتاپ ئەينىم تىرە ئەيلەپ مەھلىقا كەتتى.

كابەس مەھبۇبلاردىن ئەمدى ئۇمىدى ۋەپا قىلماق،
ئەسىرى دەردى ھىجران ئەيلەبان ئول بىۋەپا كەتتى.

نەتەي ئەمدى كە چارەم نەدۇر بۇ نەۋبى تەقدىرىم،
كەمەندى زۇلفى بەند ئەيلەپ مىنى ئول بىۋەپا كەتتى.

نەچچە بىر بىۋەفا بەرەھمە زالىم شوخ ئىدى يارەپ،
تۇمەن دەرد ئىلە ئەرشىنى ئەيلەپ بى ناۋا كەتتى.

× × ×

سەھەر خۇرشىدى شاھى تاغ ئۈزىدە زەررىن ئەلەم چەكتى،
داغى پەرتۇ ساچىپ گەردۇن ئارا تۇرلۇك رەقەم چەكتى،

فەنا فەرداشى ئەيلەر سۆيەمنىلىك سەمىن پىرۇ بالىنى،
مۇرەسسەئى تارى مىژگاننى جارۇبى ھەرەم چەكتى.

كىۋائىز كەئبەدە ھەردەم سەمەد شىردىن بايان ئەيلەر
بەرەھمەن دەر تەھسىن ئۈزرە ئەسرار سەنەم چەكتى.

باش ئالىپ كەبەدىن، شەيخۇ زامان دەر ئىستەدى ئولدەم،
كىم ئول بۇت زۇلفى ئەنبەر تار ناكە ھىچ خەم چەكتى.

ھەقىقەت ئەھلە تەئرىفى ئىمەس، فەھمى ئەيلىگەي يەزدەك،
مۇقەننى ئەرغەنۇن، تارىنى نەچچە زىرى بوم چەكتى.

كىشكىم كويىدا گۇل ياستانىپ قان ئىچمەك ئىستارىدە،
فەرىدۇن بىل سۇلايمان تەخت ئۈزرە جام جەم چەكتى.

خۇشا ئول رەندىكىم ئۆمۈر ئىلستەسە يوقلىغىن بىلگەچ،
تەرەب جام تەرەننۇم زوقى ئىلە دەمبەدەم چەكتى.

جەفا تىغىنى دەۋران تۇفلەئى ئەھباپ بىلمەنكىم، ×
نەتەنهاسىزى ۋە بىزگە ئۆردى ئۈزىگە ھەم چەكتى.

دىيارى ئەزىم ئارا شاھلىغ ناۋايى گەرچە كوپ سۈردى،
گادا ئەرشى مۇ ھەم سوز مۇلكىدە يىللار قەدەم چەكتى.

× × ×

يوشۇرۇپ گۇلدەك يۈزىنى دەستارى ئىچرە ئاي،
گوييا بولمىش قىزىل ئەبرى ئىچرە پىنھان تولۇن ئاي.

شوھلەدىن سالمىش يۈزىگە پەردە ئانداغكىم قوياش،
بولمادى مۇمكىن، دىسەم كىم تىگلايىپ بىر دەم تۇراي.

نەچچە ھەززى ھال قىلسام باۋەر ئەتمەس ۋايىكىم،
داغ دىل زاھىر قىلۇرغە ئەمدي كوك ـ ۋەنى پاراي.

ياد قىلسۇن بەرقى ئەيمن ئەسسەس نەسىمى سۇنبلى،
دىسەگەر ئەھلى ۋەلى، ھەرلەھزە ئۆزۈمدىن باراي،

جان سەمەندىن سورىما ئىشىق ئەھلى نىچە ۋەسلىن تىلەپ،
قۇيرۇغىن مەھكەم سۇرۇپ مەن ئەلدىن ئىلگەررەك باراي.

...نىگە كوكسۇم ئاچقايمەن بىلى چاك ئىتەي جان پەردەسىن،
دىسەكىم سىدقىم تىلەپ كوكسۇڭنى ئاچقىل جان بېرەي.

ئىشتىلارنىڭ سىنغان ساپالىن گەر نەسىبىم ئەيلەسەڭ،
تەشنەلىكتىن قارنىن ئانداغ نەقشى بىرلان سىبقاراي.

نىچە تەسكىنىم تىلەرسەن ئال جامالىڭدىن نىقاپ،
ئارمۇدىك مېھرىڭدىن ئانداغ زەررىلاردەك ئالدىراي.

ئەرشى جانان يادى بىرلە بىر قەدەھ نوش ئەيلەگىل،
گەر دىسەڭ ئۆزۈڭنى ئۆزلۈكدىن ھەمىشە تۇتقاراي.

× × ×

بېرىپ زەم گاداھغە سەجدە ئاشىقانە قىلاي،
...كىي مەنئى ئەيلەسە زاھىد مەن ئانى نە قىلاي.

قاشىڭ قىلىچ دەمىگە فىدا قىلاي بۇ كوڭۇل،
قوبۇل ئەتىبە ... ... ... باشىن ئاستانە قىلاي.

كوڭۇل ئويىن غەم شۇخىغە ئەيلابان مەئۇل،
كوزۇم قاراغىن ئېيىڭ ئوقىغا نىشانە قىلاي،

خىيالى زۇلفى پەرىشاندىن ئىتىپ تارىمە...
كوڭۇل زامانىسىدا سەۋنە ئاشىقانە قىلاي.

مۇيەسسەر ئولسا مۇيادا ئىلىكگە سويەك ئۆپەك،
كوزۇڭگە سۇرمە ئېتىپ بەلكى مىڭ باھانە قىلاي.

قاچان كوڭۇل دىكى جانان ئەرشىنى ئىزدەر ئىسەڭ،
تەلەپنى دەھرى ئىلىدىن بەخچى غايىبانە قىلاي.

× × ×

قايدا ئۆز يارىغا ئوخشار بولسا گەر نۇرى مېگى،
يا، ئېرۇر روھى مۇجەسسەم پامالائىك شەھپىرى.

بەرقىدەك جەۋلان قىلىپ ئوتلار ساچىلدۇرغان چاغ،
نەخرى رازى بولسا بۇ دەم بولغاي ئېردى ئارىزى.

نەچچە ھوسىن ئەھلى كېلىپ ئاندا شىپە ئانداغ بىلكۈرۈر،
بىر تىزىق خىرمەن ئىچرە گۇييا بىر ئول گەۋھەرى.

قىممىتى ھوسنىڭنى مەندەك ئۆزگىلەر نەھە ئەيلەمەس،
ئاڭلاماس گەۋھەر باھاسىن گەر ئەمەسىدۇر جەۋھەرى.

ئول يىگىت ئەزمەن كورۇپ تاكى يۈگۈردى كوپ يىگىت،
ئول يىگىتلەردىنمۇ ھەم ئارتۇق يۈگۈردۈم مەن قارى.

دۇررەئى خەت ئارىزى دۇررىدە ئانداغكىم ئېرۇر
مېھرى ئەترافىدا نىل رەڭ چەرخ كۆلكۈن خەيرى.

ھوسىن ئىقبالىغا لەۋھى ئارىزى دىندۇر سەبەق،
ئادىغا تەلقىن ئەيلەگەندەك شۇئلە مېھرى خاۋەرى.

ئادىمىلىق پىشە ئەيلەپ ئىشقى ئەفزۇن ئەيلەگىل،
مۇمكىن ئىرمەس ئول پەرىگە گەرچە ئاشىق پەرۋەرى.

ئول گۈلى سايراپ ئىشنىڭ ئىزلارىن ئۆپ ئەرشى كىم،
ئۆپمەك ئىستەرمەن جاھاندىن نەچچە گۈل بەرگى تىرى.

× × ×

ئارزىڭ ئۈستىدە قاشلار كوك ئېنىڭ ئەفكەندەسى،
ئاي يۈكۈنۈپ كۈن ھېمىنىپ سەجدە ئەيلەر بەندەسى.

قامىتىڭ سەۋداسىدىن بولغاچ قەلەندەر سەرۋەكىم،
باشىدا مۈشكۈل كۈلاھ بەركىدىن ئۇلدى ژەندەسى.

ئاغزى تەھقىقىدا كۈندىن باز ئىدى كوڭلۈمدە شەك،
ناگەھان شەك چىقارىپ لوتفى بىرلە خەندەسى.

فەرەش ئولغان خەستىلار كىم كويىدا قىلمان بەدەل،
ئەيلەسە گەر ئەرز ئوزىن كوكنىڭ ماھ رەخشەندەسى.

ئىپنى شىپەمن شاھدەلىك كورگەچ زۇمۇرەت تەخت ئۈزە،
كەركىدە تەرزىدە گۈلخان ئىچرەدۇر جۇيەندىسى.

كىمەنى گەر دەرمانا بىر كەمتەرىن قۇل تۈغدىكىم،
قايىسى تالىئى بۇرچىدىن بۇ ئەختەرى فەررەندەسى.

يار ئەكسىن ئەرشى دە كورگەچ مۇ بولدى باغ ئارا،
سارغارىپ گاھ قىزارىپ نەستەرەن شەرمەندەسى.

× × ×

جىنسى ئادەمدىنمۇ بۇيا ھورى جەننەت يا پەرى،
يا ئىبرۇر روھى مۇجەسسەم ...... شەھپەرى.

بەرقىدەك جەۋلان قىلىپ ئوتلار ساچىلغان دەۋران چاغى،
فەخرى رازى بولسا بۇ دەم بولغاي ئىردى ئارىزى.

چەرخ ھەرگىز كورمىگەن ئومىر ئىچرە مۇنداغ چەرخكىم،
چەرخ ئۈستۈن چەرخ ئۇرغاي ئاندىن ئارتۇق مەن قارىسى.

نازغىنىپ ئەردىم نىھان ئىشىق دەك قىلغاچ خۇرام،
مەست ئولۇپ تاۋۇسى جەننەت مەھۋى ئولۇر كەبەكدىرى.

تورفە جەۋلان بۇ چىمەندە قىلغاچ ئول گۈل پەرىن،
يەر ئۈزە گۈل بەرگى تىترەر كوكتە مېھرى خاۋەرى،

... ... ... ...
... ... ... ...

× × ×

كوزدىن ئۆچتى ئولپەرى تەندىن يا جانمۇ دەيمەن،
جان. ئاراسىدىن ئەلىق يا تاج ئىمانمۇ دەيمەن.

ئانىسرىن جانسىز كورەرمەن گەر تىنىم جانلىغ ئىرۇر،
يا ماڭا جان بەرگۈچى يا جانغا دەرمانمۇ دەيمەن.

قامەتىن ياد ئەيلەسەم ئورلەردىماغىدىن تۈتۈن،
چەككەن ئاھىم دۇرمۇ يا يادۇد ھىجران مۇ دەيمەن.

كويدۇرۇپ ئوتدەك مىنى ئوتىدەك ئوزى كوزدىن يۈتەر، [١]
ئافەتى دەۋرانمۇ بۇيا بەرق پەردانمۇ دەيمەن.

ئوت سالىپ كوزدىن نەپەس تىرگۈزگىلى لەپىدىن شورار،
ئورتىگەچ جانلار بالاسى ياكى جانىمۇ دەيمەن.

نەچچە سەنئەتلەر كورۇپ نەزمىم ئارا ھەر كۈن بولەك،
ھىكمىتى يۇنانمۇ يايە تەبئى ئىرانمۇ دەيمەن.

ئەرشىنى قۇشلار تىلى بىرلە بۇ يەڭلىغ سايراغاچ،
بۇلبۇلى نالان مۇ يا مۇرغ خۇشخانمۇ دەيمەن.

× × ×

ۋەنە خۇرشىدۇر خۇش نىگاھىم باقسا نەرگەس زارىدىن،
ئىشىق بىرلە ھال سورسا ئاشىقى بىمارىدىن.

سەھەرلەر كورگۈزدى ئول يۈز غەمزەئى جادۇ بىلە،
مەن نىچۈك جان ئىلتەيىن بىر غەمزەئى خۇنخارىدىن.

لەئلىلى يەڭلىغ رەڭلىغ چىقمىش ئويىدىن ئافتاپ،
بادەئي رەڭگىن كىم ئىچتي لەب مەي سەرشارىدىن.

مەن جامالىغا ئاچارمەن ھەر تاماشا كوزىنى،
خۇش قىلۇر كوڭلىمنى زاھىد ھورىلەر دىدارىدىن.

مەن شارابۇ لەئلىدىن سەرشاردۇر مەن ئى رەقىب،
سەن يۇرۇرسەن تىشنەلەپ ئىچمەي مەيى رۇخسارىدىن.

مەندە تەبئە شائىرى يوق تۇر نىشانى ئاشىقان،
ھەرنە فەيزى تاپمسام مەن مەھزىنى ئەسرارىدىن.

با مالائىك نىشائى دۇرلار ئىشىق زاتىدىن تائام،
ئەرشىيا كەل جام مەي ئىچ كەل مۇھەببەت سارىدىن.

× × ×

ئىككى بۇت بىركىچە كوڭلۇمنى پەرىشان ئەيلە بان،
ئالدىلەر ئىمانى دىنىم ئانچە ئىكەن ئەيلا بان.

بىرى لوتفى ئەيلەپ ھەمىشە تىرە كوڭلۇم تىرەدۇر،
شوئلەئى نەركەسلەرىن شەمئى شىبىستان ئەيلەبان.

بىرى گاھى قالپاقىن ئەگرى قويۇپ كى سۇندۇرۇر،
سۇندۇرۇر جانۇ كوڭۇل مۇلكىنى ۋەيران ئەيلابان.

بىرى خەتتى بىرلە چەكتى گۇل ئۇزە تۇرلۇك رەقەم،
لالەئى رەيھانىنى كىم رەشك گۇلىستان ئەيلابان.

بىرى ئىشىق ئەھلىنى قەيە ئەتمەككە دام سۇنبۇلىن،
كوزگە مەۋجىدەك ئازار ئۇزرە پەرىشان ئەيلابان.

بىرى ئەفزەر تون كىيىپ باشىغا ھەم گۇلنارى بوك،
گويىيا باشىدا بوك گۇل سەرو خىرامان ئەيلابان.

بىرى كەيدى قىرمىزى تون ئەستەرىنى رەڭ ئىتىپ،
كوزكو ھالدەك گۇلى رەئنانى ھەيران ئەيلابان.

بىرى شىددەت بىلگۈرۈر بىرى جامالىن كورسەتۈر،
بىرى گەر ئۆلتۈرسا بىرى لوتفى ئىھسان ئەيلابان.

بىرى قاش ياسى. بىلە كىرپىك ئوقىنى كوزلاتىپ،
ئاتتى ئولكىم ئول ئىگەۋگە جاننى قۇربان ئەيلابان.

بىرى نۇشى لەب بىلە گەر دىسە كامۇ جان بىرەي،
رەشكىدەك ئۆلتۈرمەش ئول تىرە باران ئەيلابان.

ئەرشى ئول دامىن نەھەد تۇتقىل ناۋايى دامىن،
نەيلا گۇك نايابى ئىش ئىستەپ ئىستان ئەيلابان.

× × ×

بۇ باشۇ تاش ئارا ھەر كۈن نە چاغ يارەپ تالاش ئولسۇن،
فالاقىن گەر ئاتار ئول باش تاش ئورنىغا بۇ باش ئولسۇن.

سەمەند نەقش بابىن يەر ئۈززە كورگەچ بەدەل قىلمان،
تۆلۈن ئاي شوئلەلىغ چولپان ۋە يا كوكتە قوياش ئولسۇن.

ماھۇق ھەر نەچچە ئوقىنى توكسە كوڭلۇلدە شەررار ئارتار،
نە چاغ مەخپى قىلۇرسەن ئىشق ئوتىن پاش ئولسا پاش ئولسۇن.

مۇسىبەتلەرگە سالدى كوڭلۇمە ھىجران تۈنى گەردۇن،
يۇزى بىلەد يارالىغ بۇ كوڭۇل دىن خۇراش ئولسۇن.

قوياش كىم مىھرى ئەمەس ناز ئەۋجىدە ئولنەۋ ئىكىم يەتمەس،
دەمى ئەيسا ئىلە ئاھىم ئۇرۇچى[1] گەر قوياش ئولسۇن.

بولەكلەر زۇلمى ھەددىدىن ئول ئىكەۋگە يەتكۈزەلمەسەن،
جافانىڭ ھوسنى گەر كورۇگە سەتەمنىڭ باشى تاش ئولسۇن.

سۇغارىپ بۇ كوڭۇل قانىدا پەيكايىن يەنە ئالتىمىش،
چىقىپ ئول يول ئىلە ئەمدى بۇ كوزلەر ئىچرە ياش ئولسۇن.

كوڭۈل، ۋەھشىسى ئول بىر زۇلفى دامىغا ئەسىر ئەتسە،
نە چاغ سەييادلارغا بىر كىيىك ئۈززە تالاش ئولسۇن.

تەرەھھۇم يۈزىدىن تارتىپ ئاتارىدا قىلمىغىل تەئخىر،
ئىككى ئوقۇڭغا مەئۋا ئىككى كوز ۋە ئىككى قاش ئولسۇن.

نە سۇد ئازا بولسا زار ئەۋراقىدىن شەھلارغا كوپ مەئرەس،
گاداغا پادشاھ ئولغاندا تەڭدۇرگەر ئىراش ئولسۇن.

ناۋايى دەك نىشان ئورنىغا باشىن تۇتار ئەرشى،
گەر ئىشقىلىق جاۋاسىدىن ياغار ھەر ھالە تاش ئولسۇن.

× × ×

كامالۇ ھوسنۇڭنە ئەلۋەدۇ دۇئا قىلايىن،
يۈزۈڭنىڭ سىفاتىنى ۋەشىشەسى ئىلە ئادا قىلايىن.

ساۋدى سايئى سىررۇ تەدىلىق ئەگەر تۇشسە،
ئىككى جاھاندا ئىككى يۈزۈمە قارا قىلايىن.

ھاۋايى گاكۇلۇ كۆزۈڭنى ئەيلابان زۇننار،
ساچىڭىڭ سۇۋادى خىيالىنى مەن رىدا قىلايىن.

بۇ دەير ئىچرە نەچچە يۈرگەيمەن خۇمار ئالۇر،
شارابى شەۋق ئىچىپ زەۋقىنى راسا قىلايىن.

مىنى لەبىدىن ئەگەر ئەيلەسە راۋا كامىم،
كى جانۇ جاھانىنى ئاڭا پىدا قىلايىن.

بۇ شۇرۇش ئىلە سالاي ئەلەم ئىچرە يۈز غەۋغا،
كى تىرە ئاھ ئىلە كوك، كوكسىنى يارا قىلايىن.

نىتەي بۇزاھىد رىيانى مەسجىد ئىچرە مادام،
يارىپ خەمكەدەغە زىكرى رەببىنا قىلايىن.

مۇيەسسەر ئولسا ئەگەر ئىشتىلەرىڭ ئىزىن ئۆپمەك،
ئۆپۈپ كوزۈمگە غۇبارىنى تۇتىيا قىلايمەن.

بۇ نەزىم تارىغا مەئنانى دۇررەن تىزىپ ئەرشى،
سۇخەن سارالار يۈزىن مىسلى كەھرىبا قىلايمەن.

× × ×

ئاتىپ ئىبردى غەمزە ئوقىن جانىمە قاش، ياسىدىن،
يارلىغ قۇشمدەك ئۇچۇپ كەتتى كوڭۇل مەئۋاسىدىن.

مەن نىچۈك شاد ئەيلەي ئەمدى بەسكىم ئول گۈلزۈنىڭ،
خاتىرى گەر ئۈزرە بولمىش بۇلبۇلى شەيداسىدىن

كۆشمنى ۋەيراندا تۇرسام نەسەمىن نى ئەجەپ،
خاتىرىم ئاسغىتەدۇر چۈنكىم ئولوس غەۋغاسىدىن.

پىر تويى ھوسنىن كورۇپ مەجلىس ئارا خورشىدى چەرخ،
چورۇلۇپ پەرۋانە يەڭلىغ شەمئى بەزم ئاراسىدىن.

تۇتمىش گەر نەقىل شۈكرىدىن ئىرۇر شىرىن دەھەن،
كىم بۇ جان كامىگە خوش ئولمىش لەئلى شەكەر خاسىدىن.

ئولسا گەر زۇلفۈڭ خىيالى بۇ كوڭۇلدا جىلۋەگەر،
شانە يەڭلىغ چاكى چاك ئولمىش كوڭۇل سەۋداسىدىن.

سەرەنگۇندۇر باغ ئاراشەمشاد بوستان ئىچرە سەردى
كورسە گەر رەنگىن خىرامى قامىتى زىباسىدىن.

زەر قىزىنىڭ ھەسرىتىدە تەشنا كەلدىم ساقىيا،
نىشائى بەر يارەب لىبى لەئىل فەرەھ ئەفراسىدىن.

قىلغۇسىدۇر ئەرشى كۈندىن كۈنگە جۇنۇنىن فۇزۇن،
كورسە گەرچە بەۋاپالىق شوخ يى پەرۋاسىدىن.

× × ×

سالىبان كۆڭلۈمگە مېھرىڭ مېھرىبانىم قايدىسەن،
جانىم ئارامىن ئېلىپ ئارامى جانىم قايدىسەن.

جاننى ئىنتىكۈم جان ئارا چۈشكان ئېلىپتەك قامەتىڭ،
بولمىسا گەر ۋەسلى ئانىڭ ئاھى جانىم قايدىسەن.

گەرچە مەن پەرھات ئىماسمەن دەردىم ئاندىن كام ئەمەس،
يوقسە سوز شىرىن ۋەلى شىرىن زابانىم قايدىسەن.

كوزگەلى كاپىر كوزۈڭنى ئال‌ساڭ ئەندى كوڭۈل،
كېتكۈدەك بولدى كوڭۈلدىن دىلستانىم قايدىسەن.

سەنسىز نى كۈندۈز ماڭا ھەم تۈندىن ئارتۇق تېرە تۈن،
رۇشەن ئەيلەرگە ئانى ماھى جاھانىم قايدىسەن.

گەرچە ياش ناداىلىدەك قەدرىمنى ھەرگىز بىلمەدىڭ،
بىلگىلى قەدرىمنى ئەمدى قەدرىدانىم قايدىسەن.

سەرۋ ئىلە شەمشادى تۈرلۈك چەمەنلەر ئالدىدا،
تىل خىرام ئەيلەپ خىجىل سەرۋى راۋانىم قايدىسەن.

كوزلىرىمگە سايە ئەيلەپ مۇردەمنى تەخت ئەيلىدىڭ،
ئەندى ئولتۇرساڭ بۇ تەختىڭ ئۇزرە جانىم قايدىسەن.

گۈندە يۈز ئۆلگۈنچە پۈرقەت ئىچرە ئولتۇر بىر يولى،
ئەرشىنى ئەندى ھىلالى ناگاھانىم قايدىسەن.

## رۇبائىلار

1

ئولدەم كى مېنى زار ئىزار ئەيلىدى ئىشىق،
غەم تىغىدا كوڭلۈمنى فىگار ئەيلىدى ئىشىق.

ھەي - ھەي قىلاي ئەمدى كۆڭۈل ئەسرارىنى،
بىر يولى بارىنى، ئاشكار ئەيلىدى ئىشىق.

II

كەلگىل زەمما قۇچۇپ دۇداغىڭغە ئۇفاي،
مەڭزىڭنى شوراپ - شوراپ قاپاغىڭغا ئۇفاي.
ئەسلەپ - ئەسلەپ داغى ساقالىڭغا ئۇفاي،
بەس ئەمدى دىسەڭ تۇشۇپ ئاياغىڭغا ئۇفاي.

III

ئول كىمسەگە كىم يار ئاڭا چىندۇر،
يوق چىنى كى بىر نىگار ماچىندۇر.
گۇلشەن ئارا بەزمى ئىتەرگە ئول ئىلە ساغەرەم،
مەغرۇپ ئاڭا جاي ئىلە چىندۇر.

IV

دەۋران قىزىنىڭ ھوسنىدە بىر جىنى يوق،
گەر كوپ دىسە ئەل بىرىدە ھەم جېنى يوق.
بۇ غۇسەنى دەفئى ئېتەرگە سەئيي ئەتسە كىشى،
مۇشكۇلدۇر ئاڭا جاي بىلە جېنى يوق.

V

خۇش ئول كىشكىم مەشرەپىدۇر شاھەنە،
ئوردىسى بولۇپ لايىق ئاڭا مەيخانە،
مەي ئورنىدا چاي ئولسا پەيمانە،
نى بولغۇسى مۇندىن ئوزگە ئىشرەت يانە.

VI

بۇ شىۋەنى مەنزۇر تۇت ئەي يارەندىم،
كورگىل بۇنچە نىمەت ئەزىمايى ئەزىم.
قىسمەت ماڭا ئەيلەپ ئېرمىش ئول ھەييۇ قەدىم،
چىننى بىللە چاي داغى جايۇ جۇش چىلىم.

www.uyghurkitap.com

VII

خۇش ئۇ كىشىكىم دىلبەرى دىلجۇي ئولسا،
كافۇرى چىمەندە چاي خۇشبۇي ئولسا.
ئالدىدا چىمەنى سارايى ئىلگىدە چىلىم،
بۇ شەرت ئۆمرى ئىچى تەربى خۇي ئولسا.

VIII

بىر جۇزئى ئىچىپ مادام مەست ئولسا كىشى،
مەست ئولسا يەئنى مەي پەرەست ئولسا كىشى.
ئۈريان بولۇبان خاھىش ئېتىپ رەسۋالىق،
دەۋرانىنى بۇزۇپ مەست ئالەست ئولسا كىشى.

(داۋامى بار)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار:

ئابدىرېھىم سابىت — ئابدىرېھىم قادىر.

## «شاھنامە» داستانى ھەققىدە

### تۇرغۇن ئالماس

#### داستانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

قەدىمقى چاغدىكى ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئاتاقلىق قەھرىمانلار ئوبرازلىرى يارىتىلغان، قۇرۇلمىسى غايەت چوڭ، فانتازىيە ۋە رىۋايەتلەر بىلەن تولۇپ - تاشقان ئۆلمەس ئەسەرلەر داستان دېيىلىدۇ.

بىر تارىخىي دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ ھالىتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ھاياتىنى بىر قەدەر مۇكەممەل بايان قىلىدىغان ئوبدان رومانلارمۇ داستان ياكى داستان خاراكتېرلىك ئەسەر دەپ ئاتىلىدۇ.

داستانلار قەدىمقى چاغلاردىلا نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر بېشىدىن كەچۈرگەن چوڭ تارىخىي ۋاقىئەلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. بىز قەدىمقى چاغدىكى دۇنيا ئەدەبىياتى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، يونانلىقلارنىڭ «ئىلىئادا»، «ئودىسسا» سى، گېرمانلارنىڭ «نىبېلۇڭگى ھەققىدە ناخشا»، فرانسۇزلارنىڭ «رولان ھەققىدە ناخشا»، ھىندولارنىڭ «رامايانا»، «ماخاپپىرانا»، ئىرانلىقلارنىڭ «شاھنامە» سى قاتارلىق داستانلىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن تەڭ شۇ قاتاردا يەنە قىرغىزلارنىڭ ئۇلۇغ داستانى «ماناس»، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇز نامە» سىنىمۇ تىلغا ئالىمىز

داستانلار قەدىمقى چاغدىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنى ھەمدە قەبىلە، ئۇرۇقلار چوقۇنىدىغان قەھرىمانلارنىڭ كارامەتلىك ئىشلىرىنى ئاساس قىلىپ يارىتىلىدۇ.

مىلادىدىن 9 ئەسىر بۇرۇن (ھازىرقى كۈندىن 3 مىڭ يىل بۇرۇن) ياشىغان كىچىك ئاسىيالىق يونان شائىرى گومېر (ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ، قارىغۇ ئىكەن) تەرىپىدىن يارىتىلغان «ئىلىئادا» داستانى 15 مىڭ 693 قۇر بولغان بولسا، «ئودىسسا» داستانى، 12 مىڭ 111 قۇر بولغان. مەن ئاساسەن چۈشەنچە بەرمەكچى بولغان «شاھنامە» داستانى 120 مىڭ قۇر شېئىردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەجمى جەھەتتىن بولسۇن، ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي ۋاقىئەلەرنىڭ كۆپلۈكى، خىلمۇ - خىل-

www.uyghurkitap.com

لىغى، مۇرەككەپلىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇغى، يارىتىلغان ئىجابىي ۋە سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ كۆپلىكى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۈكسەكلىكى، بايان قىلىنغان تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ناھايىتى ئۇزۇنلۇغى قاتارلىق تەرەپلەردىن بولسۇن، ھېچقانداق تارىخىي داستانلار ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلەيدىلىگى مۇمكىن.

داستانلارنىڭ قانداق تارىخىي ۋاقىئەلەر ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن يونانلىقلارنىڭ «ئىلىئادا»، «ئودىسسا» داستانلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مىسال ئورنىدا قىسقىچە بايان قىلماقچىمەن.

مىلادىيەدىن 12 ئەسىر بۇرۇن يۇنانلىقلار بىلەن كىچىك ئاسىيادىكى تروياللىقلار ئارىسىدا 10 يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇش يۈز بەرگەن. مىلادىيەدىن و ئەسىر بۇرۇن گومىر، ۋاقىئە نامچىلارنىڭ شۇ ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرىنى، شۇنىڭدەك قەھرىمانلارنىڭ ئاجايىپ موجىزىلىك ئىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە ئاساسلىنىپ، ئۇنى توپلاپ، رەتلەپ، دۇنياغا مەشھۇر بولغان «ئىلئادا»، «ئودىسسا» داستانلىرىنى ياراتقان.

ترويا شەھرى كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي شىمال دېڭىز قىرغىقىدىكى خىللىس پونت بوغۇزىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان شەھەر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىلوس ئاتلىق شاھزادە تەڭرىدىن كەلگەن ۋەھى بويىچە شۇ جايغا مۇستەھكەم قورغان سالدۇرغان ئىكەن! گومىرنىڭ داستانىدا ئۇ، «مۇقەددەس ئىلون» دەپ ئاتالغان. «ئىلئادا» ئاتالغۇسىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ «ئىلون ناخشىلىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ①

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ② قەدىمقى يۇنانلىقلارنىڭ تروياللىقلار ئۈستىدە قىلغان يۈرۈشلىرى ھەققىدىكى رىۋايەت مۇنداق:

يۇنانىستاندىكى فىسالىيە پادىشاسى پېللىيە ... فېتىدۇر بىلەن توي قىلىدىغان چاغدا، يۇنانىستاننىڭ قەدىمقى چاغدىكى ئولۇمپىيە تېغىدا تۇرىدىغان خۇدالارنى تەكلىپ قىپتۇ. پەقەت جەڭ خۇداسى ئېرىدا ئۇنتۇلۇپ قاپتىكەن. جەڭ خۇداسى ئېرىدا تويغا ئۆزى كېلىپ، «دۇنيادا ھەممىدىن چىرايلىق گۈزەلگە» دېگەن خەت يېزىلغان ئاداۋەت ئالمىسىنى سورۇندا ئولتۇرغانلار ئارىسىغا تاشلاپتۇ. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە، زېۋسنىڭ خوتۇنى گېرا، ئەقىل - پاراسەت خۇداسى ئافىنا، گۈزەللىك خۇداسى ئافرودىتالار ئالمىنى تالىشىپ قاپتۇ. بۇلار جېدەللىشىپ، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن زېۋس ئالدىغا بېرىپتۇ. زېۋس (يۇنانىدىكى خۇدالارنىڭ سەردارى ئىدى.ش) بۇ ئىشقا ھوكۇم قىلالماي، ئۇلارنى ترويا پادىشاسى پىرئامانىڭ ئوغلى پارىسنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. زېۋسنىڭ خوتۇنى گېرا ئەگەر پارىس ئالمىنى ئۆزىگە بۇيرۇپ بېرىدىغان بولسا، پارىسنى پۈتۈن دۇنياغا ھوكۇمران قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئافىنا پارىسنى ئۇلۇغ قەھرىمان ۋە دانىشمەن قىلىشقا ۋەدە بېرىپتۇ. ئافرودىتا بولسا ئەڭ گۈزەل ئايالنى پارىسقا ئاتا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ، ياش پارىس ئالمىنى ئافرودىتاغا بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ گېرا ۋە ئافىنا پارىس بىلەن تروياللىقلارغا قاتتىق ئاداۋەت ساقلايدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئافرودىتا ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، يۇنانىستاندىكى سپارتا دۆلىتىنىڭ پادىشاسى مېنېلاينىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئايىلى يېلېنانى پارىسقا ئوغرىلاپ بېرىپتۇ.

يۇنانلىقلار بىلەن تروياللىقلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئاداۋەت ئالمىسى» باھاسى بىلەن باشلانغان بولسىمۇ، «يۇنانلىقلارنىڭ شۇ چاغلاردا تروياللىقلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانلىقى دەل ئېنگېلىس ئېيتقاندەك قۇرۇقلۇق ھەم دېڭىزدا قاراقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش يولىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇش .» ③ ئىدى.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، يۇنانلىقلارنىڭ قەھرىمانى ئودىسسا ياغاچتىن چوڭ بىر ئات ياساپ، تروya شەھىرى دەرۋازىسىنىڭ تاشقىرىسىدا قويغان. يۇنانلىقلار كورۈنۈشتە چېكىنگەن بولۇپ، كېمىگە ئولتۇرۇپ، ئەتراپتىكى دېڭىز قولتۇقىغا مۆكۈۋالغان. ئودىسسا بىر توپ قەھرىمانلار بىلەن ياغاچ ئاتنىڭ قوسىقىغا كىرىۋالغان. تروياڭلىقلار، يۇنانلىقلا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى، دەپ ئويلاپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپتۇ. تروياڭلىقلار شەھەر سىرتىدا تۇرغان ياغاچ ئاتنى كورۈپ، بۇنىڭ يۇنانلىقلارنىڭ قىلغان ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ياغاچ ئاتنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. تۈن يېرىمىدا تروياڭلىقلار تاتلىق ئۇيقىدا ياتقاندا، ياغاچ ئاتنىڭ قوسىقىغا كىرىۋالغان يونان قەھرىمانلىرى ياغاچ ئاتنىڭ قوسىقىدىن چىقىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەلگە بەرگەندە، دېڭىز قولتۇقىدا مۆكۈپ تۇرغان يۇنانلىقلار باشقىدىن قىرغاققا چىقىپ، تروya شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، شەھەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، نۇرغۇن ئولجىلارنى ئېلىپ، ئۇرۇش تۈگىگەندە يۇنانىستانغا قايتىشقان.④

«ئىلىئادا» داستانىدا يۇنانلىقلار كىچىك ئاسىيادىكى تروya شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئون يىل ئۇرۇشقان بولسىمۇ، شەھەرنى ئالالمىغانلىقى، ئاخىرىدا يۇنانلىقلار «ياغاچ ئات ھىيلىسى» نى ئويلاپ چىقىپ، ئاندىن تروya شەھىرىنى ئالغانلىقى ھىكايە قىلىنىدۇ. شۇندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە دۇنيادا شەھەرنى ياكى قورغاننى ئىچىدىن ئېلىشنى «تروya ياغاچ ئات ھىيلىسى» دەپ ئاتايدىغان ئادەت رەسىملىشىپ قالدى.

«ئودىسسا» داستانىدا ئودىسسانىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى، ئودىسسانىڭ تروya ئۇرۇشى تۈگەپ يۇنانىستانغا قايتىشىدا بېشىدىن كەچۈرگەن سەرسانلىق ئۆتمۈشى، ئۆيىگە سالامەت قايتىپ بارغانلىقى ناھايىتى تەپسىلى ھىكايە قىلىنىدۇ.

مەن يۇقۇرىدا كىلاسسىك داستانلارنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقى،«ئىلىئادا»، «ئودىسسا» داستانلىرىنىڭ مەزمۇنى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە قىسقىچە توختالدىم. ئەمدى ئىرانلىقلارنىڭ مەشھۇر داستانى «شاھنامە» ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىرەك توختالماقچىمەن.

## سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ۋە ئوبۇلقاسىم فىرداۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىنى يېزىشى.

9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى موھىم بىر دەۋر بولدى.

شۇ دەۋردە سامانىلار پادىشالىقى (مىلادىنىڭ 820 - يىلىدىن 1000 - يىلىغىچە ھوكۇم سۈرگەن)، ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى (مىلادىنىڭ 870 - يىلىدىن 1213 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇلۇغ غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى (مىلادىنىڭ 963 - يىلىدىن 1186 - يىلىغىچە ھوكۇم سۈرگەن)، ئۇلۇغ سالجۇقلار ئىمپىرىيىسى (مىلادىنىڭ 1037 -يىلىدىن 1157 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قاتارلىق دولەتلەر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تارىخىي سەھنىسىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. بولۇپمۇ ئىلىم - پەننىڭ گۈللىنىپ، مەدەنىيەتنىڭ كەڭ قانات يېيىشىدا، دۇنيا مەدەنىيەت غەزنىسىنىڭ بېيىشىدا ئاجايىپ شانلىق تۆھپىلەرنى ياراتتى.

ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، شۇ دەۋردە ماتېماتىكىنىڭ يېڭى ساھەسى - ئالگېبرانىڭ ئىختىراچىسى بولغان ئۇلۇغ ئاسترونوم ۋە گىئو گراپ مەھەممەت بىننى مۇسا ئەل خارەزمى (مىلادىنىڭ 780 -

www.uyghurkitap.com

يىلى تۇغۇلۇپ، 847 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، مەشھۇر دانىشمەن پەيلاسوپ ئەبۇ ناسىر فارابى (مىلادىنىڭ 873 - يىلى تۇغۇلۇپ، 950 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، ئاۋىسوپىيە ۋە مىدىنىتسىنا سا‌ھەسىدىكى قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (980 — 1037)، ئۇلۇغ زاماندىشى، مەشھۇر پەيلاسوپ، تەكشۈرۈشى تېپىلمايدىغان ئۇلۇغ ئاسترونوم ئەبۇرەيھان بىرونى (973 — 1048)، «شاھنامە» داستانىنىڭ ئاپتورى، تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئوبۇلقاسىم فىرداۋسى (934 — 1020)، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى، ئۇنىڭ زاماندىشى، ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى، پەيلاسوپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق دانىشمەن ئالىملار ياشىغان ئىدى.

10 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋر ئوتتۇرا ئاسىيادا «گۈللىنىش دەۋرى» ھېسابلىنىدۇ. شۇ دەۋردە ئەبۇرەيھان بىرونى بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن يەرنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسا، ياۋروپالىقلار ئۇنىڭدىن 500 يىل كېيىن (ماگېلان ساياھىتىدىن كېيىن) يەرنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بۇنىڭدىن باشقا ئەبۇرەيھان بىرونى ياۋروپا ئالىملىرىدىن كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن، يەنى ئۇلۇغ ئاسترونوم كوپېرنىك (1473 — 1543) دىن 500 يىل ئاۋۋال لەمنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقىنى، يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كوپېرنىك ئەبۇرەيھان بىرونىدىن 500 يىل كېيىنلا ئۆزىنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى» ناملىق ئەسىرىدە، ئالەمنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ پەخرى ھېسابلانغان ئەبۇرەيھان بىرونى، ئەبۇناسىر فارابى، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەل خارەزمى، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىملار، شائىرلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان. مانا شۇ ئالىملارنىڭ ئىلمىي، ئىجادىي دانىشمەنلىكىدە كۆرسەتكەن پائالىيەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا «گۈللىنىش دەۋرى» نىڭ ياۋروپادىن 500 يىل بۇرۇن بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئوبۇلقاسىم فىرداۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانى ئەنە شۇ «گۈللىنىش دەۋرى» دە مەيدانغا كەلگەن.

«شاھنامە» داستانىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ يېزىلىپ چىقىشى ھەققىدە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇخارانى پايتەخت قىلغان باي، مەدەنى سامانىلار پادىشاھلىقى (870 — 1000) نىڭ پادىشاسى مەنسۇرنىڭ غەزنىگە (ئافغانىستاندا) قويغان ۋالىسى بارقا تېكىننىڭ ئوغلى ئالىپ تېكىن (كېلىپ چىقىشى ئوغۇزلارنىڭ كىنىك ئۇرۇقىدىن) نىشاپور (ئىراننىڭ شەرقى قىسمىدىكى شەھەر) گە ۋالى بولغان چاغدا، ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىل بولۇۋالغان. ئالىپ تېكىن 963 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئوغلى ئىجىك تېكىن خان بولغان. ئۇ، 966 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بىلاي خان بولغان. بىلاي 976 - يىل ئالىپ تېكىننىڭ كۈيئوغلى سەبۇق تېكىن تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى قىلىنغان. سەبۇق تېكىن خان بولغان چاغدا (976 — 997) ئۇ كابۇل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالغان.

مىلادىنىڭ 994 - يىلى سامانىلار پادىشاسى نوھ II سەبۇق تېكىندىن ئەبۇ ئەلى سىمجۇرنى (ئۇ ئىسيانچى ھەم غەيرى دىندا ئىدى) خۇراساندىن قوغلاپ چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلغان. بۇ ۋەزىپىنى سەبۇق تېكىننىڭ ئوغلى مەھمۇت غەزنەۋى مۇۋاپپەقىيەت بىلەن ئورۇنلىغان. سەبۇق تېكىن

مەھمۇتنى خۇراساندا ۋالى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۆزى بولسا 997 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەھمۇت، غەزنەۋىلەر دۆلىتىگە سۇلتان بولغان چاغدا (1030 — 997) غەزنەۋىلەر دۆلىتىنىڭ زېمىنى كېڭىيىپ شەرقىي ھىندىستاننىڭ پەنجاپ ۋادىسىغىچە، غەربىي ئىراننىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن خارەزىمگىچە سوزۇلغان.

مەھمۇت غەزنەۋى مىلادىنىڭ 1001 - يىلىدىن تارتىپ 1008 - يىلىغىچە ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، نۇرغۇن جايلارنى بوي سۇندۇردى. شۇ مەزگىلدە قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدا ئىككى قېتىم (1006 - يىلى بىر قېتىم، 1007 - يىلى بىر قېتىم) ئۇرۇش يۈز بەرگەن. ھەر ئىككىلا قېتىمقى ئۇرۇشتا قاراخانىلارنىڭ ئافغانىستاننى بېسىۋېلىش غەرىزى ئەمەلگە ئاشمىغان. ئىككى دۆلەت ئارىسىدا سۇلھى تۈزۈلۈپ، ئامۇ دەريا چېگرا قىلىپ بەلگىلەنگەن، مەھمۇت غەزنەۋى قاراخانىلار بىلەن ياخشى خوپ بولۇۋالغاندىن كېيىن، 1009 - يىلى گورىستان خانلىغىنى (غەزنە بىلەن ھىرات ئارىسىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان)، 1013 - يىلى كابۇل خانلىغىنى، 1017 - يىلى خارەزىم شاھلىغىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالغان.

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ھىندىستانغا 1018 - يىلى بىر قېتىم، 1024 - يىلدىن 1026 - يىلغىچە سوزۇلغان ئارىلىقتىكى ئۇرۇشتا يەنە بىر قېتىم يۈرۈش قىلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن بايلىقلارنى بۇلاپ كەلگەن. مەھمۇتنىڭ شۇ قېتىمقى يۈرۈشىدىن كېيىن، ئۇنىڭغا باغداتتىكى ئەرەپ خەلىپىسى ئىر قادىر بىللاھ يىگىدىن ئۇنۋان بېرىپ، خوراسان، ھىندىستان، سىستان ۋە خارەزىمنىڭ ھوكۇمرانى دەپ ئاتىغان.

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ئۆز ئۆمرىدە ھىندىستانغا 17 قېتىم يۈرۈش قىلىپ تارىختا «بۇتلارنى ۋەيران قىلغۇچى» دىگەن نامغا ئىگە بولغان. چۈنكى ئۇ، ھىندىستانغا ھەر قېتىم يۈرۈش قىلغاندا نۇرغۇنلىغان بايلىقلارنى بۇلاپ تالىغاندىن تاشقىرى، ھىندىستاننىڭ مەشھۇر بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىكى بۇدلارنى پاچاقلاپ تاشلىغان.

ئۇنىڭ ھىندىستانغا قىلغان يۈرۈشلىرىدىكى ئاساسىي مۇددىئاسى بايلىق توپلاشقا قارىتىلغان. ئۇرنى ئىگىزلىككە جايلاشقان ئافغانىستان كەمبەغەل رايون ئىدى. بۇ رايون ئۆز بايلىغىغا يۆلىنىپ كوپ سانلىق قوشۇننى (50 مىڭ پىيادە، 50 مىڭ ئاتلىق، بىرنەچچە مىڭ جەڭ پىللىرىدىن تەركىپ تاپقان قوشۇن بار ئىدى) باقالمايتتى. شۇڭا سۇلتان مەھمۇت ھىندىستانغا قىلغان يۈرۈشلىرىدە، بايلىق توپلاش بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولغان.

ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان مەھمۇتنىڭ ھەر بىر جايلارغا قويغان ۋالىلىرىنىڭ ئاچكوزلۇك قىلىپ قان - يىلىكنى شوراپ، بايلىق توپلاشقا كىرىشىپ كېتىشى دۆلەتنى ناھايىتى خاراپ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان. بۇنى ئاز دىگەندەك مەھمۇت سۇلتان بولغان مەزگىلدە (1030 - 997) سۇئىي سۇغىرىش سىستېمىسىنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشى، نۇرغۇن رايونلاردىكى تېرىلغۇ يېتىزلىرىنىڭ قاقاسلىققا ئايلىنىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولغان. چوما، ۋابا كېسەللىرى تارقىلىپ، مىليونلىغان ئادەملەر ئۆلگەن. شەھەر - يېزىلارنىڭ ۋەيران بولۇشى، نامراتچىلىق ئەھۋالىنىڭ ئىنتايىن يامان ھالغا كېلىشى، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە سودىدىن كىرىدىغان دارامەتنى ناھايىتى ئازايتىۋەتكەن.

مەھمۇت غەزنەۋى دۆلەت غەزىنىسىنى تولدۇرۇش ئۈچۈنمۇ 11 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 25 يىلى ئىچىدە ھىندىستانغا 17 قېتىم قىلغان يۈرۈشلىرىدە بايلىق توپلاشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان.

مەھمۇت غەزنەۋى ھەققىدە، «رىما ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇش تارىخى» نىڭ ئاپتورى گىببون

مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خانلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئەيسا تۇغۇلۇپ 1000 يىلدىن كېيىن ئىراننىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەرگە ھۆكۈمران بولغان. بۇ مۇسۇلمان قەھرىمانى ئەزەلدىن تارتىپ، قاتتىق سوغاق پەسىللىرىدىن، ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغان ئېگىز تاغلاردىن، كەڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان چوڭقۇر دەريالاردىن، چۆل - باياۋان، قۇملۇقلاردىن، دۈشمەننىڭ ھەددى ھېسابسىز قوشۇنلىرى ۋە قورقۇنۇچلۇق پىللىرىدىن قىلچە قورقۇپ باققان ئەمەس ...» ⑤

يۇقۇرىدىكى باھا سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ ناھايىتى غەيرەتلىك، يۈرەكلىك، باتۇر، چىداملىقلىقىغا، ئۇنىڭ دۈشمەن ئۈستىگە قىلغان ھەربى يۈرۈشلىرىگە قارىتىلغان.

مەھمۇت غەزنەۋى ناھايىتى دەھشەتلىك ئىستىلاچى (بويسۇندۇرغۇچى)، شۆھرەتلىك، بەختلىك، غالىپ ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئىلىم - پەننى كۈللەندۈرۈشكە ناھايىتى قىزغىن كۆڭۈل بولگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرى ئۇرۇش قىلىش ۋە دولەتنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى تالانتىغا ئوخشاشلا مەشھۇر بولغان. ئۇ ئۆز دولىتىنىڭ پايتەختى غەزنىدە چوڭ بىر ئالى مەكتەپ قۇرۇپ ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىقتىسادىي خىراجەت ئاجراتقان. غەزنىدىكى مەسچىتلەر، ئوردىلار، جامائەت بىنالىرى، شۇ دەۋردىكى مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۈستۈن تۇراتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى غەزنىدە نۇرغۇنلىغان سودا سارايلىرى، سۇپ - سۈزۈك، كۆمۈشتەك سۇلار شىلدىرلاپ، شاقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر، پونتان - كۆللىرىمۇ بار ئىدى.

ئەڭ مۇھىمى، سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى غەزنىدىكى ئوردىسىغا شۇ زاماندىكى ئەڭ مەشھۇر پەيلاسوپلار، شائىرلار، ئاسترونوملار، يازغۇچىلارنى يىققان ئىدى. ئوبۇلقاسىم فىرداۋسى سۇلتان مەھمۇت ئوردىسىدىكى شائىرلارنىڭ بىرى ئىدى.

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى مىلادىنىڭ 989 - يىلى (بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتىسى سەبۇق تېكىن سۇلتان ئىدى) ئوبۇلقاسىم فىرداۋسىغا «شاھنامە» داستانىنى يېزىپ چىقىشنى تاپشۇرغان. ئۇ فىرداۋسىغا بەرگەن ۋەدىسىدە «شاھنامە» داستانىنىڭ ھەر ئىككى قۇرىغا بىر دىنار ئالتۇن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. 55 ياشقا كىرىپ قالغان ئۇلۇغ شائىر فىرداۋسى 25 يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ (989 - يىلدىن 1014 - يىلغىچە) «شاھنامە» داستانىنى يېزىپ تاماملىغان. بەزى سەۋەپلەرگە كورە فىرداۋسى قىممىتى 25 مىڭ فۇنت سىتېرلىڭ ئالتۇن قىممىتىگە تەڭ تۇرىدىغان ئالتۇن دىنار ئورنىغا، كۈمۈش دىنار ئالغان. بۇ ئىشتىن قاتتىق ئۈمىتسىزلىككە چۈشكەن فىرداۋسى (بۇ چاغدا ئۇ، 80 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى) ئالغان كۈمۈش دىناردىن ئېشىپ قالغان پۇلنى ھاممامدىكى چايچىغا ۋە دوغچىغا (جۇلاپچىغا) بېرىپ، «سۇلتان مەھمۇتقا ھەجۋى» ناملىق بىر شېئىرنى يېزىپ، ئۇنى زاپتە ئارقىلىق سۇلتان مەھمۇتقا يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئۆزى بولسا غەزنىدىن يوشۇرۇنچە چىقىپ، ئىراننىڭ غەرپ تەرىپىگە قېچىپ كەتكەن. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن ئىكەن. چۈنكى سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ئۆزىنى قامچىلىغان ھەجۋى شېئىرنى ئوقۇپ، ئاچچىقىنى باسالماي، فىرداۋسىنى تۇتۇپ، دارغا ئېسىشقا پەرمان چۈشۈرگەن.

ئوبۇلقاسىم پىرداۋسى مىلادىنىڭ 934 - يىلى ئىراندىكى «باز» ئاتلىق بىر يېزىدا ئاق سۆڭەك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ئۇلۇغ شائىر بولۇپ يېتىشكەن چاغدىلا غەزنىگە كەلتۈرۈلگەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئىراندىكى «تۇس» ئاتلىق شەھەرگە قايتىپ كېلىپ (قاچقان جايىدىن) شۇ شەھەردە ياشىغان.

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى 1018 - يىلى ھىندىستانغا يۈرۈشكە كەتكەندە، مولتان ھاكىمى ئىسيان كوتەرگەن. مەھمۇت شۇ يۈرۈشتە چوڭ غەلىبىگە ئېرىشىپ، نۇرغۇن گوھەر، ياقۇت ۋە باشقا ئېسىل قىممەت باھالىق نەرسە ۋە ئەسىرلەرنى ئېلىپ، ھىندىستاندىن غەزنىگە قايتىشىدا ئىسيان كوتەرگەن مولتان ھاكىمىنىڭ قورغانى يېنىدا توختاپ، ئۇنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىمەكچى بولغان. مەھمۇتنىڭ پۈتۈكچىسى مولتاننىڭ، ئىسيان كوتەرگەن ھاكىمىغا سۇلتان مەھمۇت نامىدىن يازغان مەكتۇبىدا: «ئەگەر تەسلىم بولمىساڭ، ئەپراسىياپ جەڭ مەيدانىنى، خەنجەر بىلەن قىلىچنى كورىسەن» دېگەن مەزمۇندىكى ئىككى قۇر شېئىرنى يازغان. مەكتۇبنى ئوقۇغان سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى شېئىرنى كىم يازغانلىقىنى سورىغاندا، پۈتۈكچى «شاھنامە» دىن ئالدىم، دېگەن. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋى ئىسيان كوتەرگەن مولتان ھاكىمىنى تەسلىم قىلدۇرۇپ، غەزنىگە قايتقاندىن كېيىن، «شاھنامە» نى ئوقۇپ چىققان. ئۆزىنىڭ بۇرۇن فىردەۋسىگە بەرگەن ۋەدىسىدىن بېنىۋالغانلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان يەپ، «شاھنامە» ئۈچۈن فىردەۋسىگە بەرمەكچى بولغان ھەققى بۇرۇنقى ۋەدىسى بويىچە ئىككى قۇرغا («شاھنامە» 120 مىڭ قۇرلۇق شېئىرى ئەسەر) بىر دىنار ئالتۇن ھېسابلاپ، ئالتۇننى بىر نەچچە تۆگىگە يۈكلىتىپ، فىردەۋسى ھايات كەچۈرۈۋاتقان تۇس ئاتلىق شەھەرگە ماڭدۇرغان. سۇلتان مەھمۇت نامىدىن فىردەۋسىگە ناماقۇل بولۇپ، ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن تۇس شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن ئەمەلدارلار شەھەرنىڭ مەلۇم دەرۋازىسىدىن شەھەرگە كىرىۋاتقاندا، ئالدىدىن ئۆتكەن فىردەۋسىنىڭ جەسىدى سېلىنغان تاۋۇت شەھەرنىڭ باشقا بىر دەرۋازىسىدىن چىقىپ قەبرىستانلىققا يول ئالغان.

بۇ ئاجايىپ ۋەقە مىلادىنىڭ 1020 - يىلى بولغان.

## «شاھنامە» داستانىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە

«شاھنامە» داستانىدا تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ تەخمىنەن 5 مىڭ يىللىق تارىخى (ئەپسانىۋى ۋە ھەقىقى تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بەدىئىي تىل، ئوبرازلار ئارقىلىق بايان قىلىنغان.

فىردەۋسى «شاھنامە» دە بىر تەرەپتىن تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ قەدىمقى چاغدىن تارتىپ (مىلادىدىن 3200 - يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 651 - يىلىغىچە) تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ (تورانلار، يۇنانلىقلار، ئارشاكلار، ئاق ھونلار، كوك تۈركلەر، ئەرەبلەرنىڭ) ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرى مەزگىلىدىكى تارىخىنى، رۇستەم قاتارلىق ئىران قەھرىمانلىرىنىڭ يات خەلقلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە زومىگەرلىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، خەلقلەرنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرگە بولغان قاراشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ غايىسى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى

---

① گې باۋچۈەن تۈزگەن «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» دىكى «يۇنان - رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدىكى «مكايىلار» ئۇيغۇرچە 192 - بەتكە قارالسۇن.

② «قەدىمقى دۇنيا تارىخى» رۇسچە 90 - بەتكە قارالسۇن.

③ بىرىنچى ئىزاھاتتىكى بىلەن ئوخشاش.

④ «قەدىمقى دۇنيا تارىخى» رۇسچە 99 - بەتكە قارالسۇن.

⑤ بېيىش. سىكىن (ئەنگىلىيە تارىخچىسى) «ئافغانىستان تارىخى» خەنزۇچە 1 - جىلد II - قىسىم 107 - بەتكە قارالسۇن.

ئەكس ئەتتۇرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىراننىڭ ئەھمانىلار، ساسانىلار سۇلالىرىنىڭ دۆشمەنلەرگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىنىمۇ يوشۇرمىغان.

«شاھنامە» نىڭ مەزمۇنىنى ئاساسەن ئىككى قىسىمغا بولۇپ بايان قىلىش مۇمكىن.

1. ئەپسانىۋى قىسمى بولۇپ، بۇ مىلادىدىن 3 مىڭ 200 يىللار بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىن 780 - يىل بۇرۇنقى چاققىچە بولغان 2 مىڭ 400 يىللىق ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ.

«شاھنامە»نىڭ ئەپسانىۋى قىسمىدا ئەپسانىۋى دولەتلەر (پىشدادىلار، كىيانىلار سۇلالىلىرى) دەۋرىدىكى چوڭ ۋەقەلەر، ئەپسانىۋى پادىشالاردىن كىيا مورس ئادەم، ھوشاڭ، تاخموراس، جەمشىد (بۇلار پىشدادىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرى)، كەيقۇباد، كەيكاۋۇس، كەيخىسراو، لەھراسىپ، گوستاسىپ (بۇلار كىيانىلا سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرى) نىڭ ۋە ئەپسانىۋى زالىم، باسقۇنچى پادىشا، زوھاكنىڭ ئىشىدىن كەچۈرگەنلىرى، ئەقىللىق، باتۇر تومۇرچى كاۋىنىڭ زوھاكقا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى، باش قەھرىمان رۇستەمنىڭ باتۇرلۇقلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

«شاھنامە» نىڭ ئەپسانىۋى ۋەقەلەر بىلەن تولغان بىرىنچى قىسمىدىكى خېلى كوپ شەخسلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆتكەنلىكى ناتايىن. بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك پاكىتلار يوق دېيەرلىك. ئەقىللىق، باتۇر تومۇرچى كاۋى خەلقنىڭ زالىملارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنىڭ باش ۋەكىلى سۈپىتىدە يارىتىلغان ئىجابىي ئوبراز بولغان بولسا، ئىككى دولىمدا ئىككى يىلان باش كوتىرىپ تۇرىدىغان زوھاك زالىم، قانخور، باسقۇنچى قارا كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى قىلىپ يارىتىلغان سەلبىي ئوبرازلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس. «شاھنامە» دىكى باش قەھرىمان رۇستەم بولسا ئىران خەلقلىرىنىڭ باسقۇنچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىدە مەيدانغا چىققان نۇرغۇن قەھرىمانلارنىڭ ئۈلگىلىك ۋەكىلى سۈپىتىدە يارىتىلغان ئىجابىي قەھرىماننىڭ ئوبرازى.

«شاھنامە» نىڭ ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر، ئەمەلىيەتتە ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىككىنچى قىسمى ھەقىقەتەن بىر قەدەر تەپسىلىرەك توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ تارىخىي ۋە ئەمەلىي ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ.

«شاھنامە» نىڭ 1400 يىلدىن (مىلادىدىن 780 - يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 651 - يىلغىچە) كوپرەك ۋاقىتنى ئۇز ئىچىگە ئالغان تارىخىي دەۋرىدە، ئىراندا ئەھمانىلار ئىمپىرىيىسى (مىلادىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 330 - يىل بۇرۇنقى چاققىچە) يۇنان ماكىدونىيىلىكلەر ھوكۇمرانلىقى (مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاققىچە) ئاشكانلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 225 - يىلغىچە)، ساسانىلار پادىشالىقى (225 — 651) دىن ئىبارەت تۆت دولەت ھوكۇم سۈرگەن.

«شاھنامە» دا ئەھمانىلار ئىمپىرىيىسى دەۋرىدە (700 — 330) يۈز بەرگەن مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەردىن تۇرانىلار بىلەن ئىرانىلار ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلار، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكىدونسكى) نىڭ ئىراننى بېسىپ ئېلىشى خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

× × ×

ھەقىقىي تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي - شىمال قىسمى بىلەن ئەزەربەيجان تېررىتورىيىسىدە تەدىمقى چاغدا مىدىيە ئاتلىق دولەت قۇرۇلغان.

مىلادىدىن 8 ئەسىر بۇرۇن مىدىيە پادىشالىقى قەدىمقى شەرقتىكى كۈچلۈك دۆلەت ئىدى. ئىكباتانا (ھازىرقى ھەمەدان) بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى بولغان. مىدىيە پادىشالىقى ئىران ئىگىزلىكىنىڭ غەربىي - جەنۇبىدا ياشايدىغان پارس قەبىلىسىنىمۇ بويسۇندۇرغان.

پارسلارنىڭ ئەھمان ئاتلىق يېتەكچىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ، مىدىيە پادىشالىقىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇۋالغان. بۇ مىلادىدىن 700 - يىل بۇرۇن بولغان ۋاقە. ئەھمانىلار نەسلىدىن بولغان كەيخىسراۋ (558 — 521) مىلادىدىن 558 يىل بۇرۇن مىدىيە پادىشالىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئىران قىرلىرىدا ياشايدىغان پارس ۋە باشقا قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەھمان دۆلىتىنى قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە ھالىتىگە كەلتۈرگەن.

ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ شاھەنشاھى ئىستاسىپ دارا (435 — 521) دەۋرىدە ئىران ناھايىتى كۈچەيدى. شۇ چاغدا ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ خەرىتىسىگە پۈتۈن ئىران، ئەزەربەيجان، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى، بېلۇجىستان، كىچىك ئاسىيا، بابىل، ئەرمەنىستان، سۈرىيە، پەلەستىن، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەر كىرگەن.

ئىراندا ئەھمانىلار سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان جايلاردا تۇران دۆلىتى (مىلادىدىن 7 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 2 - ئەسىرىگىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ھۆكۈم سۈرەتتى. «شاھنامە» دە تۇرانلىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلار ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەن.

ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ شاھەنشاھلىرى ئەتراپىدىكى خوشنىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، قاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى يۈرگۈزگەن. بۇنداق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى تەبىئىي، ئىلاھى بىر ھالغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، سىرلىق، كارامەتلىك چۈشلەرنىمۇ توقۇپ چىقىرىلغان. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەيخىسراۋنىڭ ئانىسى مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇ. «چۈشىمدە ئۇنىڭ قورسىقىدىن بىر تۈپ ئۈزۈم دەرىخى ئۈنۈپ چىقىپتۇ، بۇ بىر تۈپ ئۈزۈم ناھايىتى چاپان شاخلاپ، بوك باراخسان ھالغا كېلىپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى چۈمكەپ ئاپتۇ.» ئەھمانىلار ھۆكۈمرانلىرى بۇ چۈش ئارقىلىق ياش كەيخىسراۋنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، «سەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغان ھۆكۈمرانى بولىسەن» دېيىشكەن.

ئەھمانىلارنىڭ شاھەنشاھلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆز ئالايتىپ، تۇرانىلار ئۈستىگە كۆپ قېتىم بېسىپ كەلگەن. ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار تۇران خاقانلىرى، تۇر، پىشەك، ئەپراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا)، ئارجاسىپلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەھمان باسقۇنچىلىرىغا قارشى قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان.

«شاھنامە» دە تىلغا ئېلىنغان تۇران خاقانلىرىدىن تۇر، ئىران ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ شاھەنشاھى تىسخىس (مىلادىدىن 675 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 640 يىل بۇرۇنقى چاققىچە ھۆكۈمران بولغان) بىلەن، پىشەك بولسا ئارىئارا مونىس (مىلادىدىن بۇرۇنقى 615 — 640) بىلەن ئۇرۇشقانلىقى تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇندەك تۇرىدۇ.

بولۇپمۇ تۇران خاقانلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرى بولغان ئەپراسىياپ ئەھمانىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ شاھەنشاھلىرى نورەز (قوبىسىمىز I)، كەيخىسراۋ (558 — 529) قاتارلىقلار بىلەن ئۇرۇشقان.

باسقۇنچى كەيخىسراۋ بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشقان ئەپراسىياپ مىلادىدىن 534 يىل بۇرۇن ئەزەربەيجاندا بولغان بىر ئۇرۇشتا ھالاك بولغان. ئەپراسىياپ كەيخىسراۋنىڭ تۇرانىلارغا قىلغان

كۆپ قېتىملىق ھۇجۇملىرىنى قايتۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى باسقۇنچىلاردىن ساقلاپ قالغان. «شاھنامە» دا ئەپراسىياپنى باسقۇنچى، قانخور، دىۋ دەپ تەسۋىرلىگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا ئەپراسىياپ ۋەتەنپەرۋەر، باتۇر سەركەردە، مەرت ۋە ئەقىللىق مىللىي قەھرىمان ئىدى. «شاھنامە» دا كۆككەكۆ تىرىلمەي ماختالغان كەيخىسراۋ بولسا ئاچكۆز، تويماس، قانخور، باسقۇنچى ئىدى.

تۇران خوتۇن - قىزلىرىنىڭ باتۇرلۇقى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، ئەقىللىقلىقى، مەرتلىكىنىڭ سىمۋولى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سۆيۈملۈك، ئالىي پەزىلەتلىك، قەھرىمان، دانىشمەن ئانىسى بولغان تومارىس مىلادىدىن 520 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن دارا I نى ئامۇ دەرياسىنىڭ بويىدا بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ كېسىلگەن بېشىنى قان تولدۇرۇلغان تۇلۇمغا سېلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەي قانخور، ھايات چېغىڭدا قانغا تويمىدىڭ، ئۆلگەندىن كېيىن بولسىمۇ قانغا تويغىن!»

تومارىس ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرىدۇر، ئۇ ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ نەۋرىسىنىڭ قىزى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇن تۇرانلار بېشىدا «چۇ» ئاتلىق ھۆكۈمران بار ئىدى. بۇ ئىسكەندەرگە زاماندىش بولۇپ، تومارىسنىڭ ئوغلى سىغارگا پىرىسنىڭ 5 ئەۋلادى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىنراق. شۇ «چۇ» ئاتلىق ھۆكۈمران مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا «شۇ» دەپ ئاتىغان تارىخىي شەخسنىڭ دەل ئۆزى.

يۇنان تارىخچىسى ھىرادوت (مىلادىدىن 5 ئەسىر بۇرۇن ياشىغان) ئۆزىنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە تومرىس شەكلىدە يازغان بۇ ئىسىم پاۋىل ۋىتتىكىنىڭ قارىشىچە تۈركچە «تەمىر» سۆزىنىڭ بۇزۇلمىسىدۇر.

«شاھنامە» دە ئېيتىلىشىچە ئەپراسىياپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تۇرانلارغا ئۇنىڭ قېرىندىشى ئارجاسپنىڭ خاقان بولغانلىقى، ئۇنىڭ گۇستاسپ دارا I بىلەن ئۇرۇشقانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

«شاھنامە» دىكى پاكىتقا قارىغاندا، شۇ قېتىم ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشقا، يېڭىدىن ئاتەش پەرەسلەر دىنىغا كىرىپ، شۇ دىننى تۇرانلارغا تاڭغان دارا I نىڭ ئارجاسپقا يازغان مەكتۇبىدە يولسىزلىق قىلغانلىقى سەۋەپ بولغاندەك تۇرىدۇ. لېكىن ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا چوڭ دادىسى كەيخىسراۋنىڭ تاجاۋۇزچىلىق يولىغا ۋارىسلىق قىلغان دارا I نىڭ ئاتەش پەرەسلەر دىنىنى تۇرانلارغا تېڭىشنى بانا قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىپ ئېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى ئاساسىي سەۋەپ بولسا كېرەك.

«شاھنامە» دە ئارجاسپ باشچىلىقىدىكى تۇران قوشۇنلىرى، دارا I باشچىلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغانلىقى ئېيتىلغان.

«شاھنامە» دە دارا I نىڭ زارۇ ئاستىرو دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاتەشپەرەسلەر دىنىغا كىرگەنلىكى ئېيتىلغان.

ھەقىقەتەن ئىران خەلقلىرى ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىدىن تارتىپ، ئىراننى 651 يىلى ئەرەبلەر بېسىپ ئالغۇچە، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىچە ئاتەشپەرەسلەر دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقان ئىدى.

تارىختا ئاتەشپەرەسلەر دىنى — زارۇ ئاستىرو دىنى (ئوت پەرەسلەر دىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ دىننى زارۇ ئاستىرو (توگە) ئاتلىق ئادەم مىلادىدىن 6 ئەسىر بۇرۇن باكتىرىيە (شىمالىي ئافغانىستان) دا تارقاتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىن شۇ دىننى تارقاتقۇچى زارۇ ئاستىرو نامى بىلەنمۇ ئاتالغان. بۇ دىن مىلادىدىن 6 ئەسىر بۇرۇن رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ مەيدانغا كەلگەن.

ئۇنىڭ ئاساسىي دىنى قائىدىلىرى ئاتەشپەرەسلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» دا بايان قىلىنغان. «ئاۋېستا» دا قەدىمقى چاغدىكى خەلقلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان ئىنتايىن نۇرغۇن ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر بار. بۇ دىن دۇنيادىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىسىدا بولىدىغان كۆرەشنى ئۆز دىنى قائىدىسىنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. ئاتەشپەرەسلەرنىڭ تونۇشىچە ئوت، يورۇقلۇق بولسا ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى. قاراڭغۇلۇق بولسا يامانلىقنىڭ ئالامىتى. ياخشىلىق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ كۈچىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئالەمنى «ياراتقۇچى» تەڭرى هورموز بولۇپ، يامانلىق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ كۈچىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى ئەھرىمەن ئاتلىق ياۋۇز تەڭرىدۇر.

«شاھنامە» گە ئاتەشپەرەسلەر دىنىنىڭ روھى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئىجابىي ئوبرازلار ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇقنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. «شاھنامە» دە بەزىبىر ئىران پالۋانلىرىنىڭ ئەھرىمەن ئاتلىق دىۋە بىلەن ئېلىشقانلىقى مانا شۇنىڭ دەلىلى.

«شاھنامە» دە ئىسكەندەرنىڭ ئىران ئۈستىگە قىلغان يۈرۈشى، ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شاھەنشاھى دارا III (336 – 330) نىڭ ئىسكەندەر تەرىپىدىن ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى، ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى، ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ يوق بولۇشى قاتارلىق جىددىي ۋەقەلەر ناھايىتى تەپسىلى بايان قىلىنغان.

ماكېدون — يۇنان پادىشاسى فىلىپپىنىڭ ئوغلى ئالېكساندىر ماكېدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) ئاتىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن (ئىرانلىقلار قوزغىتىلغان سۇيىقەستتە ئۆلتۈرۈلگەن) ئىسكەندەر فىلىپپىنىڭ شەرق ئەللىرىنى بويسۇندۇرۇش نىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدى.

ئىسكەندەر مىلادىدىن 356 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان. ئۇنى ئاتىسى فىلىپپىن ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەپ، ھەر جەھەتتىن قابىلىيەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتىل (384 – 322) دىن تەلىم ئالدۇرغان.

ئىسكەندەر مىلادىدىن 334 يىل بۇرۇن (22 يېشىدا) 30 مىڭ پىيادە، بەش مىڭ ئاتلىق قوشۇنغا باش بولۇپ، شەرققە يۈرۈش باشلىغان. ئىسكەندەر 10 يىل يۈرۈش قىلىپ، مىلادىدىن 324 يىل بۇرۇنقى چاققا كەلگەندە، كىچىك ئاسىيا، سۇرىيە، فىنىكا، مىسىر، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرنى بېسىۋالدى.

ئىسكەندەر ئىراننى بويسۇندۇرۇشتا ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھەنشاھى دارا III بىلەن قاتتىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. ئىسكەندەر كىچىك ئاسىيانى بېسىپ ئالغاندىن كېيىن، سۇرىيەگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. شۇ يەردىكى ئىس سى دېگەن جايدا بولغان ئۇرۇشتا دارا III قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى، بايلىقلىرى ئىسكەندەرنىڭ قولىغا چۈشتى. ئىس سى يېنىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، دارا III ئىسكەندەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆز قىزلىرىدىن بىرىنى ئىسكەندەرگە ياتلىق قىلىش ئارقىلىق، ياخشى، خوپ بولۇشقا ئۇرۇندى. ئىسكەندەر دارانىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى.

ئىسكەندەر ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىنى (كىچىك ئاسىيا، فىنىكا، پەلەستىن، مىسىر) ئانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا بويسۇندۇرۇۋالدى. ئىسكەندەر مىلادىدىن 337 يىل بۇرۇن دەجلە ۋە فرات دەريالىرىدىن (ئىراقتا) ئۆتۈپ، ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىغا يۈرۈش باشلىدى. ئۇ سۇرىيەدىكى گاۋگامېل دېگەن جاينىڭ يېنىدا بولغان ئۇرۇشتا، ئىران قوشۇنلىرىنى تولۇق تارمار قىلدى. دارا III يەنە قېچىپ كەتتى. ①

مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇن شەرققە قاراپ قاچقان دارا III نى ئۆلتۈرۈشتە ئۇنىڭ قېرىندىشى بىسس قاتناشقان ئىكەن. ②

يۇنانلىقلار مىلادىيىدىن 330 يىل بۇرۇن ئىران ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئىسكەندەر غەربىي ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىن تارتىپ شەرقىي ھىندىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان تېررىتورىيىدە ماكېدون - يۇنان ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. ئىسكەندەر غەرپكە يۈرۈش قىلىپ، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئىتالىيىنى بويسۇندۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، مىلادىيىدىن 324 يىل بۇرۇن ئۆمرى تەپ (بەزگەك) كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، 32 يېشىدا بابىل (پايتەخت) دە ئالەمدىن ئۆتتى.

ئىسكەندەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ، ئۆز قولى بىلەن قۇرغان ئىمپېرىيە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بىر قانچە دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇلار: يۇنان (ماكېدونىيە دۆلىتى ماكېدونىيە بىلەن يۇنانىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، سېلۇكلار دۆلىتى (بۇنىڭ ئىچىگە سۈرىيە، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا كىرەتتى)، مىسىر دۆلىتىدىن ئىبارەت.

ئىسكەندەرنىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرى، سېلېۋكۇس باش بولۇپ قۇرغان سېلېۋكىلار دۆلىتىدە مىلادىيىدىن 250 يىل بۇرۇن كەسكىن ۋەقەلەر يۈز بەردى. شۇ چاغدا سېلېۋكىلار دۆلىتىنىڭ ئىمپېراتورى ئانتىئوخ II نىڭ ئوغۇللىرى — كەلگۈسىدىكى سېلېۋكۇس II بىلەن ئۇنىڭ ئۇكىسى ئانتىئوخ ھىراكس ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش باشلانغان.

× × ×

سىترابۇنىڭ خەۋەر بېرىشىگە قارىغاندا، «تىجېن دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرى بويلاپ يۈرگەن پارنار دەپ ئاتىلىدىغان داخ خەلقلىرىدىن بىرىنىڭ داھىسى، نەسلى، نەسەپ جەھەتتىن سىكى ئارشاك ئىران (پارپىيە) غا بېسىپ كىردى ۋە ئۇنى بويسۇندۇردى.» ③ ياپون تارىخچىسى يوشى لاۋتى «غەرپتە بۇددىزىم» ناملىق ئەسىرىدە ئارشاكلارنىڭ ئۇرپ - ئادەتلىرى تۈركلەرگە ئوخشايدۇ، دىگەن.

تارىختا، ئىرانغا ھوكۇمرانلىق قىلغان بۇ خەلقنى ئارشاكلار سۇلالىسى دەپ ئاتايدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمقى يىلنامىلىرىدا بولسا «ئەنشى» (安西) دەپ يازىدۇ. ھازىرقى زامانىدىكى شەرق تارىخچىلىرىدىن ياپون تارىخچىسى يوشى لاۋتى «ئەنشى» ئاتالغۇسىنى «ئارشاك» سۆزىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى دەپ ھوكۇم قىلىدۇ.

«شاھنامە» دا ئارشاكلار ھەققىدە ناھايىتى ئاز مەلۇمات بېرىلگەن. پەقەت ئارشاكلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاسى ئار تابان V (مىلادىنىڭ 208 - يىلىدىن 225 - يىلىغىچە پادىشا بولغان) ھەققىدە بىر ئاز مەلۇمات بار.

× × ×

«شاھنامە» دا ئەردە شېرنىڭ ئارشاكلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 224 يىلىغىچە ھوكۇم سۈرگەن) نى ئاغدۇرۇپ، ساسانىلار سۇلالىسىنى قۇرغانلىقىنى، مازۋاكلار ھەركىتى، ئاق ھونلار، كوك تۈركلەرنىڭ ئىرانغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، ئەرەپلەرنىڭ ئىراننى بېسىپ ئېلىشى قاتارلىق چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن.

مىلادىنىڭ 224 - يىلى ئىراننىڭ غەربىي جەنۇبىدا (ھازىرقى پارس ئۆلكىسى) ئارشاكلار

ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. بۇ قوزغىلاڭغا پارسلار نەسلىدىن بولغان ئەردە شىر يېتەكچىلىك قىلغان. ئەردە شىر ئارشاكلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاسى ئارتاباننىڭ قوشۇنلىرىنى ئىراننىڭ ھازىرقى خوزىيىستان ئۆلكىسىدە بولغان ئۇرۇشتا تارمار قىلدى. شۇ ئۇرۇشتا ئارتابان ھالاك بولغان. مىلادىنىڭ 225 - يىلى ئەردە شىر ئارشاكلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كتېسفون (ھازىرقى باغدات) نى بېسىپ ئالدى. شۇندىن باشلاپ ئارشاكلار سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ساسانىلار سۇلالىسى ئالدى. ئەردەشىر (224 - 241) يېڭى قۇرۇلغان دۆلەت نامىنى بوۋىسى ساساننىڭ نامى بىلەن ساسانىلار دەپ ئاتىغان.

ساسانىلار سۇلالىسى خۇددى ئارشاكلار سۇلالىسىغا ئوخشاشلا شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى دۇنيا سودا يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان ئەرمېنىيە بىلەن مېسوپوتامىيەنى ئىگىلەپ ئېلىش ئۈچۈن، روما ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان.

ئەردەشىرنىڭ ئوغلى شاپۇر I (241 - 272) روما ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇشىدا (241 - 242) ئانتاكىيەنى بېسىپ ئېلىپ، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرىغىچە يېتىپ بارغان. شاپۇر I روما ئىمپېرىيىسىگە ئېلىپ بارغان ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشىدا (256 - 259) شانلىق غەلىبىگە ئېرىشىپ، روما ئىمپېراتورى ۋالېريان ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى روما قوشۇنلىرىنى ئەسىر ئالغان.

ساسانىلار بىلەن روما ئىمپېرىيىسى ئارىسىدىكى ئۇرۇش 200 يىل داۋام قىلىپ، ئاخىرى بەھرام گور پادىشا بولغان مەزگىلدە (420 — 440) مىلادىنىڭ 428 - يىلى ئەرمېنىيىنىڭ شەرقى قىسمى ساسانىلار قولىغا ئۆتكەن.

«شاھنامە» دا بايان قىلىنغان ماز داكلار ھەرىكىتى قوباد پادىشا بولغان مەزگىلدە (531 - 487) مىلادىنىڭ 488 - يىلى قوزغالغان. مازداكلار ھەرىكىتى ساسانىلار دەۋرىدىكى ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان خەلق ھەرىكىتى بولۇپ، دىنى شەكىل ئارقىلىق ئۆزىنى نىقابلىغان.

5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان قۇرغاقچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىكىدىن كەم ھوسۇل ئېلىش سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن ئاچارچىلىق پۈتۈن ئىراننى قاپلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەتئەل بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇشلارنىڭ چىقىمىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ساسانى پادىشالىرى خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - ياساقنى ھەسسىلەپ كۆپەيتكەن ئىدى. ئاچارچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، ۋابا كېسىلى تارقالغان. خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى - ئاپەتلەر مازداكلار ھەرىكىتىنىڭ قوزغىلىشىنى تېزلەتكەن.

مازداكلار ھەرىكىتىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى قۇللۇققا چۈشۈرۈلگەن جامائە دېھقانلىرى، قۇللار، ھۈنەرۋەنلەر، شەھەر كەمبەغەللىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

مازداك بولسا شۇ ھەرىكەتنىڭ دىن تارقاتقۇچى باش ئۇستازى، مۇتەپەككۇرى ۋە يېتەكچىسى ئىدى. بۇ ھەرىكەت مازداكنىڭ نامى بىلەن مازداكلار ھەرىكىتى دەپ ئاتالدى. مازداكنىڭ دىنى تەلىماتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «خۇسۇسى مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇتلىقى خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بارلىق بالايى - ئاپەتلەرنىڭ ئاساسى مەنبەئى.» مازداك مۇنداق دەپ خىتاپ قىلغان ئىدى: «مۈلۈككە قوللار ئىگىدارچىلىق قىلمىدىغان تۈزۈمنى ئورنىتىش لازىم.» مازداكچىلار ئىنسانىيەتنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە باراۋەرلىككە ئېرىشتۈرۈشنى خىيال قىلىشقان.

مىلادىنىڭ 488 - يىلى قوزغالغان مازداكلار ھەرىكىتىنىڭ قاتناشچىلىرى ئەڭ ئاۋۋال پايتەخ-

ئىدىكى پادىشا ۋە ئىسىل زادىلارنىڭ ئامبارلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلىغان. مازداكىلار ھەركىتى تېز ئارىدا پۈتۈن ئىراننى قاپلىغان. مازداك قوزغىلاڭچىلىرى تورە زادىلارنىڭ يەرلىرىنى، سۇ ئىنشائاتلىرىنى، مال مۈلۈكلىرىنى بېسىپ ئالغان. تورە زادىلارنى ئۆلتۈرۈپ دېھقان جامائەلىرىنى (دېھقان كوممۇنالىرىنى) باشقىدىن قۇرغان. پادىشا قوباد قوزغىلاڭ كۆتەرگەن خەلقنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئېھۇدال، تورە زادىلارنى تېزگىنلەش ئۈچۈن، باشتا مازداكىلار تەرىپىدە تۇرغان. بۇنىڭدىن چوچۇپ كەتكەن ساسانى ھوكۇمران تەبىقىسى قوبادنى ئاق ھونلار دۆلىتىگە سۈرگۈن قىلغان. ئەمما قوباد مىلادىنىڭ 499 - يىللىرى ئىرانغا قايتۇرۇلۇپ، ئاق ھونلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىرانغا يەنە پادىشا بولغان.

قوباد باشلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەر مۇستەھكەملىنىۋالغاندىن كېيىن، مازداكچىلارنى شەپقەتسىز ھالدا باستۇرۇشقا كىرىشكەن. مىلادىنىڭ 529 - يىللىرى مازداك باشلىق مازداكچىلار ھەركىتىنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلگەن پۈتۈن ئىراننى قاپلىغان تېرورلۇق نەتىجىسىدە مازداكچىلاردىن 80 مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن.

گەرچە مازداكچىلار ھەركىتى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، بۇ ھەركەت ئىران تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، مازداكچىلار ھەركىتى ئىراندىكى تورە زادىلار بىلەن راھىپ تورە زادىلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسى جەھەتتىكى ھوكۇمرانلىق ئورنىنى قاتتىق ۋەيران قىلغان.

× × ×

«شاھنامە» دە كوك تۈرك خاقانلىقى (551 - 744) بىلەن ئىران ساسانىلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن. فىردەۋسى تۈرك خاقانى قاراچۇرىن («شاھنامە» دە چاچا دەپ يېزىلغان) نىڭلا ئىران بىلەن ئۇرۇشقانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ھەقىقى تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، كوك تۈرك خاقانلىقى بىلەن ئىران ئارىسىدا بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇش بولغان.

مىلادىنىڭ 565 - يىلى كوك تۈركلەر ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنى (420 - 565) تارمار قىلىشتا ئىران بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇنىڭ ياردىمىنى ئالغان. ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىنى بولۇپ ئېلىش، شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى خەلقارا سودا يولىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى تالىشىش قاتارلىق مەسىلىلەر يۈزىسىدىن، كوك تۈركلەر بىلەن ئىران ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولغان.

مانا شۇ ئەھۋالنى ھىساپقا ئالغان كوك تۈركلەر شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرانغا قارشى تۇرماقچى بولغان. شۇنىڭغا بىنائەن مىلادىنىڭ 565 - يىلى كوك تۈرك ئەلچىلىرى، ئىستەمى يابغونىڭ ئۇلۇغ تۈرك خاقانى موقان خانغا ۋاكالىتەن روما ئىمپېرا تورى يوستىنىان II - گە يازغان مەكتۇبىنى ۋە قىممەت باھالىق سوغا - سالاملارنى ئېلىپ، ئېلدىكى تىكەس يايلىقىدىن غەرپكە قاراپ يولغا چىقىپ، ئۇزاق يول يۈرۈپ، كونستانتىن پولغا (ھازىرقى ئىستامبولغا) بارغان. ئۇز ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلاپ تىكەس يايلىقى (ئىستەمى يابغونىڭ ئوردىسى تىكەستە ئىدى) غا قايتقان. تۈرك ئەلچىلىرىگە ھەمرا بولۇپ يولغا چىققان زىمارخ باشچىلىقىدىكى روما ئەلچىلىرى مىلادىنىڭ 566 - يىلى ئىستەمى يابغونىڭ ھوزۇرىغا كەلگەن. ئىستەمى يابغو تەرىپىدىن سەمىمى ۋە قىزغىن قارشى ئېلىنغان شەرقىي روما ئەلچىلىرىمۇ ئۇز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىپ، نۇرغۇن سوغا - سالاملارغا ئېرىشىپ، ئۇز دۆلىتىگە قايتاشىدا شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىدەك قۇدرەتلىك ئىتتى

پاقچىغا ئىگە بولغان كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ غەربىي تېررىتورىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىستەمى يابغۇلىق ناھايىتى نۇرغۇن، جەڭگىۋار تۈرك ئاتلىق قوشۇنلىرىغا باش بولۇپ ئىرانغا قارشى قىلغان يۈرۈشىدە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن.

ئىستەمى يابغۇ مىلادىنىڭ 568 - يىلى خوراساندا بولغان ئۇرۇشتا ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھەنشاھى نوشىرۋان (579 - 531) تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن سىنبات قوماندانلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ غەلىبە قازانغان.

«شاھنامە» دا تىلغا ئېلىنغان تۈرك خاقانى چاچاخان (قارا چورىن) نىڭ ئىرانغا قارشى قىلغان يۈرۈشى مىلادىنىڭ 588 - يىلى يۈز بەرگەن. بۇ ئۇرۇشتا تۈرك خاقانى قارا چورىن ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھەنشاھى ھورمۇزو IV - (590 - 579) نىڭ مەشھۇر سەركەردىسى بەھرام چوبىن قوماندانلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرى تەرىپىدىن خوراساندا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئۆزى ئۆلگەن. بەھرام چوبىن خاقانىنىڭ ئوغلى بار مودا تېكىننى بايكەنتتە بولغان ئۇرۇشتا تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئەسىر ئالغان.

مانا شۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئۇلۇغ كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ بولۇنۇپ كېتىشى تېخىمۇ تېزلەشكەن. دېگەندەك تۈرك خاقانلىقى مىلادىنىڭ 600 - يىلىغا كەلگەندە، رەسمىي ھالدا شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خاقانلىرىغا بولۇنۇپ كەتكەن.

غەربىي تۈرك خاقانى تون يابغۇ خاقانلىق مەزگىلىدە (630 - 619) كۆك تۈرك بىلەن ئىران ئارىسىدا ئىككى قېتىم ئۇرۇش بولغان، بۇ چاغدىكى ساسانىلار شاھەنشاھى خۇسراۋ پەرۋىز (628 - 590) كۆك تۈرك خاقانى تون يابغۇ بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولغان. غەربىي تۈرك خاقانى تون يابغۇ مىلادىنىڭ 620 - يىلى ئىرانغا ھۇجۇم قىلىپ نىشاپۇر، راي شەھەرلىرىنى بېسىۋالغان. خان بۇ جايلارنى ئىدارە قىلىشقا ئىلتەبىر (ۋالى) تەيىنلىگەن. غەربىي تۈرك خاقانى تون يابغۇ كۆك تۈركلەرنىڭ شەرقىي روما ئىمپېراتورى ھىراكىل بىلەن تۈزگەن بىتىمنامىگە بىنائەن 628 - يىلى 40 مىڭ ئاتلىق تۈرك قوشۇنىغا ئۆزى باش بولۇپ، تالاس ۋادىسى (قىرغىزىستاندا) دىن غەرپكە قاراپ يولغا چىقىپ كاۋكاز دارىسى ئارقىلىق ئىران ساسانىلار تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىرگەن. غەرپ تەرىپىدىن ھىراكىل باشچىلىقىدىكى شەرقىي روما قوشۇنلىرى ئىرانغا ھۇجۇم قىلغان. شۇ يىلى تۈرك ۋە روما قوشۇنلىرى ئىراننىڭ پايتەختى كتىسفون (باغدات) غا بېسىپ كىرگەن. بۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ساسانىلارنىڭ ئوردىسىدا سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، خۇسراۋ پەرۋىز تەختتىن چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى قوباد II تەختتە ئولتۇرغان. قوباد II بىلەن ئىتتىپاقچىلار (كۆك تۈركلەر، روملۇقلار) بىلەن تۈزۈلگەن بىتىمنامىگە بىنائەن ئىران قوشۇنلىرى مىسىر، سۈرىيە، ئەرمىنىيە ۋە غەرپتە ئىران بېسىۋالغان باشقا دۆلەتلەردىن چېكىنىپ چىقماقچى بولغان. شۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ، تىنچلىق بىلەن تالاس ۋادىسىنىڭ مىڭ بۇلاق دېگەن جايىدىكى ئوردىسىغا قايتىپ كەلگەن تون يابغۇ خاقان مىلادىنىڭ 630 - يىلى كۆل چور باغا تارقان ئاتلىق ۋەزىرى تەرىپىدىن (زەھەر بېرىلىپ) ئۆلتۈرۈلگەن.

ئىران ۋەتەنپەرۋەرى فىردەۋسى «شاھنامە» دە ئىراننى ئىستەمى يابغۇنىڭ بىر قېتىم، تون يابغۇ خاقانىنىڭ ئىككى قېتىم مەغلۇپ قىلغانلىقىنى يوشۇرۇپ، پەقەت تۈرك خاقانى قارا چورىننىڭ ئىران تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا مەغلۇپ بولغانلىقىنىلا يازغان.

www.uyghurkitap.com

× × ×

«شاھنامە» داستانىنىڭ ئاخىرىدا، ئىراننىڭ ئەرەبلەر تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنىشى غەمكىنلىك بىلەن تەپسىلى بايان قىلىنغان.

قەدىمقى چاغدا ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغان ئەرەپ قەبىلىلىرى ئاساسەن چارۋىچىلىق (كۆپرەك توگە) بىلەن شۇغۇللىنىپ كوچمەن ھايات كەچۈرەتتى. دېھقانچىلىق قىلىشقا لايىق جايلار ناھايىتى ئاز بولۇپمۇ، بىر قىسىم ئەرەپلەر ئارپا، بۇغداي تېرىغاندىن تاشقىرى، خورما دەرەخلىرىنى ئۆستۈرەتتى. ئەرەپلەر يەنە ساپال قاچا ياساش، رەخت توقۇش (ئاساسەن توگە تىۋىتىدىن يۇڭ رەختلەر توقۇيتتى)، مېتال ئېرىتىپ، ئۇرۇش قوراللىرى ياساش قاتارلىق ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. ئەرەپلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى چوللەردە چېدىر تىكىپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، قۇرەيش قەبىلىسى دېگەندەك مەككە، مەدىنە قاتارلىق شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان. قۇرەيشلەردىن بەزىلىرى سودىگەرچىلىك قىلىپ ھايات كەچۈرەتتى. شۇ چاغلاردا ئەرەپ قەبىلىلىرى بۇت پەرەس بولۇپ، خىلمۇ ـ خىل بۇتلارغا چوقۇناتتى.

دۇنيادىكى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى ـــ ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئاللانىڭ مۇسۇلمان بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ـــ مۇھەممەت پەيغەمبەر، مىلادىنىڭ 570 ـ يىلى مەككىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، تاغىسى ئەبۇ تالىپ (ئەلى كەرەماللاھو ۋەجھونىڭ ئاتىسى) نىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن. مۇھەممەت ئەلەيھسسالام ياش ۋاقتىدا مەككىدىكى ئەڭ باي ئايال خەلىچە كوبرانىڭ سودا كارۋانلىرى بىلەن پەلەستىن، سۈرىيە قاتارلىق جايلارغا بارغان. مۇھەممەت ئەلەيھسسالامغا ئاللا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋەھى كەلگەندىن باشلاپ، مىلادىنىڭ 610 ـ يىلى (40 يېشىدا) مەككىدە ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلىشقا كىرىشكەن. مەككىدىكى قۇرەيشلەرنىڭ تورە زادىلىرى باشتا مۇھەممەت ئەلەيھسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەت ئەلەيھسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى مىلادىنىڭ 622 ـ يىلى يېرىم كېچىدە مەككىدىن چىقىپ، مەدىنىگە كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ۋەقە ئىسلام تارىخىدا «ھىجرەت» (سەپەر قىلىش) دەپ ئاتىلىپ، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يىلنامىسى ـــ ھىجرىيە مانا شۇ چاغدىن (مىلادىنىڭ 622 ـ يىلىدىن) باشلانغان. مۇھەممەت ئەلەيھسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلار ناھايىتى تېز كۆپىيىپ، مۇھەممەت ئەلەيھسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ئورنى مۇستەھكەملەنگەن. ئۇ قوشۇن باشلاپ مەككىگە يۈرۈش قىلغان. مۇسۇلمان ئەرەپلەر بىلەن كافىر ئەرەپلەر ئارىسىدا ئۇرۇشلار بولغان. مىلادىنىڭ 630 ـ يىلى مۇھەممەت ئەلەيھسسالام مەككىنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى پۈتۈن ئەرەپ قەبىلىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. مۇھەممەت ئەلەيھسسالام مىلادىنىڭ 632 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا، پۈتۈن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى بىرلىككە كەلگەن ئىدى.

مۇھەممەت ئەلەيھسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كونا سەپدىشى ۋە قەيىنى ئاتىسى ئابۇ بەكرى خەلىپە (ھەربى، مەمۇرى، دىنى ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى خەلىپەنىڭ قولىدا بولاتتى) بولغان. ئۇ خەلىپە بولغان مەزگىلدە (632 ـ 634) ئەرەپلەر ئىسلام دىنىنى خوشنا ئەللەرگە تارقىتىش تەييارلىقىنى پۇختا ئىشلىگەن.

خەلىپە ئۆمەر زامانىدا (634 - 644) ئەرەپلەر غەرپ ۋە شەرق تەرەپلەردىكى خوشنىلىرىغا ناھايىتى شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلىغان. خەلىپە ئۆمەر 636 - يىلى شەرقىي روما ئىمپېرىيەسى قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، دەمەشقنى (ھازىرقى سۈرىيەنىڭ پايتەختى)، پەلەستىننى، 640 - يىلى سۈرىيىنى پۈتۈنلەي بېسىۋالغان.

ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنى تولۇق بويسۇندۇرۇش خەلىپە ئۆمەرنىڭ ۋاقتىدا ئاساسەن ئاياغلاشقان.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام 630 - يىللىرى شەرقىي روما ئىمپېراتورى ھېراكلىغا ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى كەيقۇباد II گە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى تاڭ تەيزۇڭغا (لىشىمىنغا) مەكتۇب يوللاپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان. بۇ ئۈچ پادىشادىن تاڭ تەيزۇڭ بىلەن ھېراكلى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇپنامىسىنى ئېلىپ كەلگەن ئەرەپ ئەلچىلىرىنى ئوبدان قارشى ئېلىپ، ئۆز لايىقىدا ھوزرە خالىق ئېيتىپ، جاۋاپ قايتۇرغان. پەقەت ئىران شاھىنشاھى كەيقۇباد II مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن مەكتۇپنامىنى يىرتىپ تاشلىغان.

بۇ ۋەقەنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ ئىران ساسانىلار ھۆكۈمرانلىرىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن خەلىپە ئۆمەر مىلادىنىڭ 637 - يىلى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپدىشى سىيىد ئىبنى ئابۇۋاققاس قوماندانلىقىدا خىللانغان، جەڭگىۋار ئەرەپ قوشۇنلىرىنى ئىرانغا ماڭدۇرغان. قەدىشە دېگەن جايدا بولغان ئۇرۇشتا، ئەرەپ قوشۇنلىرى ساسانىلار شاھىنشاھى يېزدىگىر III (634 - 651) نىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرگەن. قەدىشە ئۇرۇشىدا ئىراننىڭ مەشھۇر جەڭ بايرىقىمۇ باشقا غەلىبە غەنىمەتلىرى بىلەن بىللە ئەرەپلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. بۇ جەڭ بايرىقى ئىراننىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمانى — تۆمۈرچى كاۋىنىڭ پەرتۇقى (پەشتامانى) بولۇپ، ئۇنىڭغا خىلمۇ - خىل رەڭلىك گۆھەر، ياقۇتلار قادالغان ئىكەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قەدىمقى چاغدا، تۆمۈرچى كاۋى زالىم پادىشا زوھاككا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭدا مانا شۇ پەرتۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنى قوزغىلاڭنىڭ بايرىقى قىلغان ئىكەن. مىلادىنىڭ 642 - يىلى ئەرەپلەر نىخۋەندى دېگەن جايدا بولغان ئۇرۇشتا ئىران قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. يېزدىگىر III ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىغا قاراپ قاچتى. ئۇ 10 يىل سەرسان بولۇپ يۈرۈپ ئاخىرى، 651 - يىلى مەرۋى شاھى جاھاننىڭ يېنىدا ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىران ئەرەپ خەلىپىلىكىنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئىران تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا (بولۇپمۇ، 628 - يىل بولغان ئۇرۇشتا) ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئەرەپلەر ئىراننى ئاسانلا تارمار قىلىپ، 500 يىلچە ھۆكۈم سۈرگەن ساسانىلار سۇلالىسىنى يوقاتتى.

## ئاخىرقى سۆز

فىرداۋسى «شاھنامە» داستانىدا بايان قىلغان ئەپسانىۋى ۋەقەلەر (مىلادىدىن 3200 - يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) بىلەن ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر (مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 651 - يىلىغىچە) نىڭ مەزمۇنى ۋە باشقا جەھەتلىرى ھەققىدە يۇقىرىدا قىسقىچە (ئۈزە بولسىمۇ) توختالدىم.

فىردەۋسى «شاھنامە» دە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەرغىپ قىلىپ، ئىراننى يات ئەللەرنىڭ بولۇپمۇ تۈركلەرنىڭ پۈتۈنلەي بېسىپ ئېلىشىدىن، شەرق قىسمىنى ئوغۇز نەسلىدىن بولغان غەزنەۋىلەرنىڭ بېسىپ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنىڭ ئىران ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى ئاساس قىلىپ، تۇرانىلارغا مەنسۇپ بولغان شەخسلەرنى (مەسىلەن، ئافراسىياپنى) خۇنۇك قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.

فىردەۋسى 10 - ۋە 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ۋە مۇتەپەككۇر، ئاجايىپ تالانتلىق شائىر، تەڭدىشى ئاز ئۇچرايدىغان تارىخچى بولغىنى ئۈچۈن، ئىران، ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى (870 - 1212) تازا كۈچىيىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى شائىر فىردەۋسىگە قانداش بولغان تاجىك سامانىلار دۆلىتى(870-1000) نى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالغان بولسا، ئوغۇزلارنىڭ كىنىك (قىنىق) ئۇرۇقى قۇرغان غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى (963 - 1186) ئىران - خوراساننى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ئالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئوغۇزلاردىن سەلجۇقلار بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئىرانغا خەۋپ سېلىش ئېھتىمالى كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆگىلەتكىنىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى «تۈرك» دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى؛ دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى؛ ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى؛ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەشكەنلەرنى ئېزىز قىلدى، تۈركلەر تۇپەيلىدىن ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۈرۈپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن ساقلىدى.» ④

تارىخىي پاكىتلار فىردەۋسىنىڭ ئىران ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال تۈركلەرنىڭ (بولۇپمۇ تۈرك ئوغۇزلىرىنىڭ) خەۋپ ئىكەنلىكىنى ئالدىن بايقاپ، قاتتىق ئەنسىرىگەنلىكىنىڭ راسلىقىنى ئىسپاتلىغان.

فىردەۋسى مىلادىنىڭ 1020 - يىللىرى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن (1040 - يىلى) ئوغۇزلار خانى سەلجۇقنىڭ نەۋرىسى توغرۇلبەك يېتەكچىلىكىدىكى ئوغۇزلار نىشاپور، مەرۋى شاھى جاھاننى ئىگەللەپ تۇرۇپ، كۈچلۈك سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. خوراسان ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1040 - يىلى تالقاندا بولغان جەڭدە غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەسئۇدنى تارمار كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىرانغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ، راي شەھرىنى بېسىپ ئالدى ۋە ئۇنى ئۆزىگە پايتەخت قىلدى. توغرۇلبەگ 1055 - يىلى باغداتقا بېسىپ كىرىپ، ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىكىنى (751 - يىلىدىن 1250 - يىلىغىچە) قورچاق ھالغا چۈشۈردى. ئەرەب خەلىپىسى توغرۇلبەگنىڭ نامىنى قۇتبىدە ئوقۇشقا ئەمر چۈشۈردى.

11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سەلجۇقلار نۇرغۇن جايلارنى بېسىۋالدى. سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ خەرىتىسىگە كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، پەلەستىن، ئەرەبىستان، مېسوپوتامىيە، ئىران، ئافغانىستان، بېلۇجىستان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى كىرگەن.

توغرۇلبەگ ئىمپېراتور بولغان چاغدا (1040 - 1063) سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۆزىنىڭ ئەخلاقى، پەزىلىتىنىڭ ساپلىقى، ئالىيلىقى، باتۇر، مەردلىكى، ئەقىللىقلىقى بىلەن مۇسۇلمان شەرقىنىڭ تەبىئىي ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1063 - يىلى سۈرىيەنى بويسۇندۇرۇپ، باغداتقا قايتىپ كەلدى. شۇ چاغدا ئۇ، ئەرەب خەلىپىسىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدىغانلىقىنى

بىلدۈرگەندە، ئەرەپ خەلىپىسى ئۇنىڭ ئارزۇسىغا ناھايىتى خوشاللىق بىلدۈرگەن. توي مۇراسىمى راي شەھرىدە (كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا) ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان. شۇڭا توغرۇلبەگ باغداتتىن رايغا كېلىۋاتقاندا، تۇشتۇمتۇت يولدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىگە ئالپ ئارسلان (توغرۇلبەگنىڭ ئۇكىسى، چاغدى بەگنىڭ ئوغلى) ئىمپېراتور بولغان چاغدا (1063 — 1072) ئۇ، 1071 - يىلى 26 - ئاۋغۇست كۈنى ھازىرقى ئەرمەنىستاندىكى ۋان كولىنىڭ شىمالىدىكى مالازگىرد دالىسىدا شەرقىي روما ئىمپېراتورى دىئوگېنىس رومان باشچىلىقىدىكى ناھايىتى كۈچلۈك روما قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئىمپېراتور دىئوگېنىس رومانىنى تىرىك تۇتۇپ ئالغان. شۇندىن باشلاپ روما ئىمپېرىيىسى سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىگە سېلىق (ئولپان) تولەيدىغان قارام دولەتكە ئايلىنىپ قالغان.

سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسى (1040 — 1157) مەلىك شاھ ئىمپېراتور بولغان چاغدا (1072 — 1092) ناھايىتى قۇدرەتلىك، گۈللەنگەن بىر دولەتكە ئايلانغان. مەلىك شاھنىڭ ئەقىللىك، تەدبىرلىك ۋەزىرى نىزامول مۇلكىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر پەنلەر سارىيى بولغان «نىزامىيە» ئالىي مەكتىۋى ئېچىلغان. ئۇنىڭ «سىياسەتنامە» ناملىق ئۇلۇغ ئەسىرى مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغان. مەلىك شاھدىن كېيىن، سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىگە سۇلتان سەنجەر (1117 — 1157) ئىمپېراتور بولغان.

فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانى دۇنيا ئەدەبىياتى، خۇسۇسەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

«شاھنامە» نى ئۆگىنىش يالغۇز تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ شۇنداقلا ئۇلىڭغا خوشنا بولغان خەلقلەرنىڭ قەدىمقى تارىخىنى، دىنى ئېتىقادىنى، ئورپى - ئادەتلىرىنى بىلىشتە مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، قەدىمقى ئەجداتلىرىمىزنىڭ تارىخىنى بىلىشىمىز ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىزنىڭ ئەدىب - شائىرلىرىمىز «شاھنامە» نى ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ تەنقىدى ئۆگىنىپ، ئەسەر يېزىشتا ئۇنىڭدىن ئۈلگە ۋە ئوزۇق ئېلىشى لازىم.

11 - ئەسىردە بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز مەھمۇد قەشقىرى (قەشقەرلىك مەھمۇد)، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئۆلمەس، شانلىق ئەسەرلەرنى يازغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا زامانىمىزدا ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتنىڭ يېڭى باھارىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن ئاجايىپ ياخشى شارائىت ۋە كەڭ ئىمكانىيەتلەر يارىتىلغان تۇرسا، ئۆلمەس، ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يازالماسمۇ؟

بىزنىڭ ھازىرقى ئەدىب، شائىرلىرىمىز ئىچىدىن، ھەجمىنىڭ چوڭلۇغى، مەزمۇنىنىڭ موللىغى، بەدىئى سەۋىيىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، تارىخىي قىممىتىنىڭ يۇقۇرىلىغى، خەلقپەرۋەرلىكى جەھەتلىرىدە، دۇنيادىكى مەشھۇر كىلاسسىك داستانلاردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۇيغۇر «شاھنامە» سىنى يېزىپ چىقالايدىغان ئۇيغۇر فىردەۋسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى خەلقىم ئارزۇ قىلىۋاتقاندەك مەنمۇ تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتىمەن.

يېقىن كەلگۈسىدە (ھېچ بولمىغاندا 21 - ئەسىرنىڭ بېشىدا) ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئوتمۇشتىن تارتىپ يېقىنقى چاققىچە بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىي دەۋرىنى ئەدەبىي تىل، بەدىئى ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق تەسۋىرلەيدىغان ئۇيغۇر «شاھنامە» سىنى يېزىپ چىقالايدىغان ئۇيغۇر فىردەۋ-

ـنى دۇنياغا كەلسىدى، ئۇ چاغدا، تارىخ ئالدىدا، ئەجداتلىرىمىز ئالدىدا، كەلگۈسىدىكى ئەۋلاتلىرىمىز ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمىغان بولاتتۇق.

**ئىزاھاتلار:**

① «قەدىمقى دۇنيا تارىخى» رۇسچە، 155 - بەتكە قارالسۇن.
② «ئوز بېكىستان س س ر تارىخى» ئوزبېكچە، 65 - بەتكە قارالسۇن.
③ «ئوز بېكىستان س س ر تارىخى» 83 - ۋە 84 - بەتلەرگە قارالسۇن.
④ مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، 1 - ، 2 - بەتلەرگە قارالسۇن.

**قوشۇمچە:**

## ئىران ئەھمانىلار ئىمپىرىيىسىنىڭ نەسەبنامىسى

مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللار

| | |
|---|---|
| 1 - ئەھمان | 700 — 675 |
| 2 - تىسفىس | 675 — 640 |
| 3 - ئارىئارامونىس | 640 — 615 |
| 4 - قومىز I | 600 — 559 |
| 5 - كەيخىسراۋ | 559 — 529 |
| 6 - قومىز II | 529 — 521 |
| 7 - دارا I | 521 — 485 |
| 8 - شۇ سىس | 485 — 465 |
| 9 - ئاتا شۇسىس I | 465 — 425 |
| 10 - دارا II | 425 — 404 |
| 11 - ئاتا شۇسىس II | 404 — 358 |
| 12 - ئاتا شۇسىس III | 358 — 338 |
| 13 - دارا III | 336 — 330 |

## ئىران ساسانىلار ئىمپىرىيىسىنىڭ نەسەبنامىسى

(225 — 651)

مىلادى يىللىرى

| | |
|---|---|
| 1 - ئەردەشىر | 225 — 240 |
| 2 - شاپۇر I | 240 — 275 |

| | |
|---|---|
| 3 - بەھرام | 275 — 282 |
| 4 - نارسس | 283 — 337 |
| 5 - شاپۇر II | 337 — 379 |
| 6 - بەھرام IV | 388 — 399 |
| 7 - يەزدىگىر I | 399 — 420 |
| 8 - بەھرام گور | 420 — 440 |
| 9 - يەزدىگىر II | 440 — 457 |
| 10 - پىروز | 458 — 485 |
| 11 - كەيقۇ باد I | 487 — 531 |
| 12 - نوشىرۋان | 531 — 579 |
| 13 - ھورموززد IV | 579 — 590 |
| 14 - خىسراۋ پەرۋىز | 590 — 628 |
| 15 - كەيقۇ باد II | 629 — 634 |
| 16 - يەزىدىگىر III | 634 — 651 |

## ئۇلۇغ سەلجۇقلار ئىمپىرىيىسىنىڭ نەسەپنامىسى

| | مىلادى يىللىرى |
|---|---|
| 1 - توغرۇلبەك | 1040 — 1063 |
| 2 - ئالپ ئارسلان | 1063 — 1072 |
| 3 - مەلىكشاھ | 1072 — 1092 |
| 4 - سۇلتان سەنجەر | (1117 — 1158) |

مەلىك شاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇ-رۇشلىرى باشلىنىپ، 25 يىلدىن كېيىن، 1117 - يىلى سۇلتان سەنجەر ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان.

www.uyghurkitap.com

# مەرىپەت ئاسمىنىدىن ئېقىپ كەتكەن يۇلتۇز

## — مۇھەممەت فەيزى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا

ھاجى ئەخمەت

ئىلىم – مەرىپەت ھەممىنىڭ كانىدۇر،
ۋەتەن، خەلقنىڭ جانى ھەم جانانىدۇر.
(مۇھەممەت فەيزى)

ئاسماندىن قارا بۇلۇتلار تارقاپ، ھاۋا ئېچىلىشقا باشلىغان 1977 – يىلىنىڭ 24 – دېكابىرىدە «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ۋەھشىيانە زىيانكەشلىكى بىلەن مۇجۇلۇپ، زورلاۋانلىقنىڭ زەھەرلىك نەشتىرى بىلەن جاراھەتلەنگەن بىر ئوتلۇق يۈرەك سوقۇشتىن توختىدى. مەرىپەت ئاسمىنىدا چاقناپ تۇرغان سان – ساناقسىز يۇلتۇزلار توپىدىن ئايرىلىپ ئېقىپ چۈشكەن بىر يۇلتۇز كۆكتىن غايىپ بولدى. ئېغىر ماتەم كەيپىياتىغا چۆمگەن قەشقەر كوچىلىرىدا ئادەملەر توپى دېڭىزدەك تەۋرەپ، قاردەك ئاق يوپۇققا ئورالغان جىنازىنى قولدىن – قولغا ئۆتكۈزۈپ، يىراق قەبرىستانلىقچە نۇۋەت بىلەن باش ئۈستىدە كۆتىرىپ چىقىشتى. بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ بوتۇۋەر دىنىي ئۆلىما، پىشقەدەم ئەدىب، ئەرەب – فارىس تىللىرىنىڭ مەشھۇر مۇتەخەسسىسى، ماھىر خەتتات مۇھەممەت فەيزىنىڭ ۋاپاتىغا بىلدۈرگەن قايغۇلۇق ماتەمى ئىدى. رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم – مەرىپەتكە بېغىشلاپ، نام – ئاتاق ۋە مال دۇنيانى دوست تۇتماستىن، دەرۋىشلەرچە پاك ھايات كەچۈرگەن بۇ مۆيسىپىت ئالىمنىڭ مۇبارەك نامى خەلق ئارىسىدا ھۆرمەت بىلەن يادلىنىپ كەلمەكتە.

مۇھەممەت فەيزى 1909 – يىلى قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ خانېرىق يېزىسىدا بىر ئۆلىما ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. ئاتىسى موللاخۇن ھاجىم ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق مۇدەررىسلىرىدىن بىرى بولۇپ، پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بولەتتى. كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ ئىلىم ساھەسىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. مۇھەممەت فەيزى 12 يېشىغا قەدەر ئىنىسى ئەھمەد زىيائى بىلەن بىرلىكتە ئاتىسىنىڭ قولىدا ئوقۇپ بىلىم ئالدى. 1921 – يىلدىن باشلاپ قەشقەر شەھىرىدىكى «چاھارسۇ» مەدرىسىدە ئوقۇش بىلەن، مامۇت ئاخۇن داموللام، شەمسىدىن داموللام،

زىرىپ قارى ھاجىم قاتارلىق ئۆز دەۋرىنىڭ نوپۇزلۇق مۇدەررىسى، ئالىملىرىدىن دەرس ئېلىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلدى، مەلۇم مەزگىل تۈركى خەلقلەر ئارىسىدا نامى مەشھۇر بولغان ئالىم مۇسا جارۇللاھنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەندى. 20 ياشلارغا قەدەم قويغىچە بولغان ئارىلىقتا دىن – شەرىئەت ئىلمى، – تىل ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە قاتارلىق ئىلىمنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى بويىچە يۇقىرى ئىختىساسقا ئېرىشىپ، ئىلىم ساھەسىدىكى موتىۋەر ئۇستازلار ئۇنى بىر ئېغىزدىن «ئىختىدارلىق ياش ئالىم» دەپ ئېتىراپ قىلىشتى.

مۇھەممەت فەيزى تۈركى تىللاردا ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان ئەدەبىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوقۇش بىلەن، ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر مۇتالىئە قىلدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە بۇ تىللارنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى بىلىمى شۇ قەدەر كامالەتكە يەتتىكى، ئۆز مەسلەكداشلىرى بىلەن بولغان بىر ئېتىملىق سۆھبىتىدە: «ئەرەب تىلىنىڭ سەرپ، نەھۋىسى (گىراماتىكا ۋە سىنتاكسىسى) دۇنيادىن پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى قايتىدىن ئەينەن تۇرغۇزۇپ چىقالايمەن» دېگەن ئىدى. ئۇ مەدرىستىكى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، «ساقىيە» مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىپ، تالىپلارنى ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللاندى. 1937 – يىلى شىڭشىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، بىر قانچە يىل مۇدھىش تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كەچۈردى. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، مائارىپ ئىدارىسى، ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا كاتىپلىق خىزمىتىنى ئىشلىدى.

مۇھەممەت پەيزى 50 – يىللاردىن كېيىنكى ھاياتىنى ئاساسەن ئائىلە شارائىتىدا ئەدەبىي – ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكۈزدى. قالايمىقانچىلىق يىللىرىدا ئۇنىڭ ئۆيىدىكى كىتاب – ماتېرىياللىرى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى بۇلاڭ – تالاڭ قىلىنىپ، جاھالەتپەرەستلەرنىڭ يالماۋۇز گۈلخانلىرىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇلدى. ياشانغان چېغىدا بېشىغا چۈشكەن بۇ ئېغىر مۇسىبەت نەتىجىسىدە روھى ھالىتىدىكى نورماللىقنى يوقاتقان مەرىپەتپەرۋەر ئەدىب ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كىشىلەرگە ئارىلىشىشنى خالىماي، مەدرىسە ھوجرىسىدا ئىستىقامات بىلەن يەككە – يېگانە ھايات كەچۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتتى.

مۇھەممەت فەيزى ئەدەبىي – ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان 50 نەچچە يىللىق ئۆمرىدە «ئەقىدىلەر گۆھىرى»، «شېرىن سۆزلەر» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى ۋە ھەر خىل ژانىردىكى كۆپلىگەن نادىر شېئىرلارنى يېزىپ، ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ سەككاكىنىڭ «مۇپتاھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرىنى تۇنجى قېتىم ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، خەلقىمىزگە ئۇنتۇلماس مىراس قالدۇرۇپ كەتتى.

«ئەقىدىلەر گۆھىرى» – دىنىي ئەقىدىلەرنى مەزمۇن قىلغان ئەسەر بولۇپ، 1948 – يىلى «شىنجاڭ قەشقەر گېزىتى» باسمىسىدا كىتابچە قىلىپ نەشر قىلىنغان. «شېرىن سۆزلەر» – ئاپتورنىڭ ئەدەپ – ئەخلاق كۆز قارىشى ۋە بۇ توغرىدىكى پەلسەپىۋى پىكىر – مۇلاھىزىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىلمىي ئەسەر بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا مىللىتىمىزنىڭ ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياندا شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق – پەزىلىتى ۋە ئەخلاقى پرىنسىپلىرى ئاساسىدا، ئىلىم – ھۈنەر ئىگىلەش، ئاتا – ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇش، ئاتا – ئانا ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، سەممىي، راستچىل بولۇش، باتۇرلۇق، ھوشيارلىققا ئادەتلىنىش، چىداملىق، ھىممەتلىك بولۇشتەك ئىسىل – ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى تەرغىپ قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئەكسىچە كىشىلىك ئەخلاققا يات بولغان نادانلىق، ھايا-

سىز، ئاچكۆزلۈك، يالغانچىلىق، ھەسەتخورلۇق، ئىچ - ئاداۋەت، نىزا پەيدا قىلىشتەك ناچار ئىللەتلەرنى يۇقۇرقىلارغا سېلىشتۇما قىلىش بىلەن، كىشىلەرنى بۇ خىل يارىماس ئادەتلەرنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ساقلىنىش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرىدۇ.

مۇھەممەت فەيزىنىڭ شېئىرلىرى ئاساسەن ئەرەپ تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، شەكلى خىلمۇ - خىلدۇر. قەسىدە ۋە مەرسىيىلەر شائىر ئىجادىيىدا سالماقلىق ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرى ئەخلاقى - تەلىمى مەزمۇن ئالغاندىن باشقا، تارىخىي ۋەقەلەرگە بېغىشلانغان شېئىرلىرىمۇ خېلى كوپ ئۇچرايدۇ.

شائىرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان قىسمەن شېئىرلىرى بەدىئىلىك جەھەتتە ئەرەپ تىلىدا يازغان شېئىرلىرىدىن خېلىلا تۆۋەن تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى ئىلغارلىقنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە، يەنىلا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە:

ئىلىم - مەرىپەت ھەممىنىڭ كانىدۇر،
ۋەتەن - خەلقىنىڭ جانى ۋە جانانىدۇر.
ئىلىم بىرلە ياشناپ تۇرار بۇ جاھان،
قىلىپ پاش سىرىنى دەريا ۋە كان.
ئايا، ئىلىم سەن بەخت قۇياشى سەن،
ۋەتەن - خەلقىنىڭ قەدىرلىك يولداشى سەن.
پۈتۈن ئۆمرۈڭ ئولسۇن ھەممىشە باھار،
سېنى ئىزدىگەنلەر بولۇپ نامدار.
ۋۇجۇدۇڭ گۈلى ياشنىسۇن ھەر زامان،
پۈتۈن ئەلگە نۇرۇڭ بولۇپ سايەبان.
سېنىڭ بىرلە ئابات بولسۇن ۋەتەن،
ئېچىلسۇن ئۇلۇق ئەلگە سانسىز چىمەن.
خېرىدارىڭ ئولسۇن ئۇلۇق، بەختىيار،
سېنىڭ دۈشمىنىڭ دەمبە دەم تار - مار...

يۇقۇرقى مىسرالاردا ئالغا سۈرۈلگەن پىكىرلار شائىردىكى مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر. ئۇنىڭدا ئىلىمنىڭ خاسىيىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتى تەرىپلىنىپ، ئىلىم - بەخت قۇياشىغا، بايلىق كانىغا، ئەزىزجان ۋە سويۇملۇك جانانغا ئوخشىتىلىدۇ. ۋەتەننىڭ ئاۋاتلىقى، خەلقنىڭ بەختىيارلىقىغا ئىلىم ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى شەرھىلىنىپ، ئىلىم ئەھلىگە ئامانلىق، ئىلىم دۈشمىنى جاھالەتپەرەسلەرگە زاۋاللىق تىلەيدۇ.

«ئوز ھالىمغا بىر نەزەر» ناملىق شېئىرى بۇ جەھەتتىن تېخىمۇ خاراكتېرلىكتۇر. شائىر ئۇنى «مۇپتاھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) نىڭ تەرجىمىسىنى ئاياقلاشتۇرغاندىن كېيىن، كىتابنىڭ ئاخىرىغا خاتىمە سۈپىتىدە قوشۇپ قويغان:

بۈگۈن يەتتى ئەللىككە سالىم مېنىڭ،
كىچىكلىك بىلە ئۆتتى ھالىم مېنىڭ،

ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن قويمىدىم بىر نىشان،
بۇ ئالەمدە بولدۇم ئەجەپ مېھمان.
بۇ مۇددەتتە مەن قىلمىدىم ھېچ ئىش،
بىكا كەتتى ئۆمرۈم مېنىڭ يازۇ - قىش.
تۈزۈك قىلمىدىم ھەققىمۇ قۇلچۇلۇق،
بەرەر ئىش يوقكى مەن قىلغان تولۇق.
مېنىڭدەك كىشى بارمۇ ئالەمدە؟ ھېچ!
پۈتۈن ئىشلىرى دەم بەدەم پىچ - پىچ!
ھاياتىم گۈلىستانىغا باشتىن - ئاياغ
خازان پەسلى يەتسە ئۈچۈر چىراغ.
نىمە دەرمەن ھساپ ئالسا ئول شاھقا،
كىرەملىك ياراتقۇچى بىر ئاللاغا؟....

بۇ شېئىر ئوقۇغان كىشىنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدۇ. ھەربىر ئەقىل ئىگىسى ۋىجدان ئالدىدا ئۆزىگە مۇشۇنداق بىر سوئالنى قويۇشى زۆرۈر ئەمەسمۇ؟!...

مۇھەممەت فەيزى 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا يۈسۈپ سەككاكى (1228 - 1306) نىڭ 1290 - يىلى ئەرەپ تىلىدا يېزىلغان داڭلىق ئەسىرى «مۇپتاھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) نى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىدۇ. تىل، ئەدەبىيات، لوگىكا، پاساھەت (ئېستېتىكا)، مۇزىكا، پەلسەپە، ئىلمى نۇجۇم قاتارلىق ئىلىمنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىدىن تەپسىلى مەلۇمات بەرگۈچى، مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا كەمدىن - كەم تېپىلىدىغان بۇ نادىر ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى 1957 - يىلى غەلبىلىك ئاخىرلاشتۇردى. ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھېسياتىنى بايان قىلىپ، شائىر تەرجىمە ئەسىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۆزى تەرىپىدىن يەنە تۆۋەندىكى مىسرالارنى يېزىپ قالدۇرغان:

كەلتۈر ساقىيا ئابى ئاتەش لىباس،
ئىچىپ مەن بولاي ھەممە غەمدىن خالاس.
پۈتۈن قايغۇدىن پاك ۋە ئازات بولاي،
ھەقىقەت شارابى ئىلەشاد ئولاي.
تاپاي دەمبە - دەم غايىبتىن مەن نىشان،
سائادەت ئولۇپ يار ئىككى جاھان.

«مۇپتاھۇل ئۇلۇم» نىڭ مۇھەممەت فەيزى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈلگەن بىردىن بىر قوليازمىسى ئەينى يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئىختىيارلىقىغا ئېلىنغان بولۇپ، ھازىرمۇ شۇ يەردە ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ خەت شەكلىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق گۈزەللىك تەرجىمانىنىڭ يالغۇز كامالەتكە يەتكەن تىل مۇتەخەسسىسى بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا ماھىر خەتتات ئىكەنلىكىنىمۇ روشەن ئىسپاتى بولۇپ تۇرماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پېشقەدەم ئۆلىما، تارىخچى ۋە ئەدىب ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم

ئابدۇرېھىم سابىت



بۇ يىلقى ھەج پائالىيىتى ھەر يىللاردىكىگە ئوخشاش كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنى بۈيۈك ئارزۇ، ئۇلۇق مۇددىئا ـ مەقسەتلىرىگە يەتكۈزۈپ، چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئاچچىق بىر ھەسرەت دېغىنى قالدۇرۇپ كەتتى. چۈنكى سەئۇدى ئەرەبىستان دىيارىدىكى 44 يىلدىن بۇيان ئولتۇراقلىشىپ ئارتۇق بولۇۋاتقان سەرەتان ئىسىق ھاجى ھەرەملەرنىڭ سەپەردىشى، قەشقەر ئۆلىمالىرىنىڭ پېشقەدەم مۆتىۋەرى ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمغا ئەجەل يەتكۈرگەن ئىدى.

مەككە مۇكەررەمەدىكى مەشھۇر «پايسال دوختۇرخانىسى» نىڭ ئۇيغۇر دوختۇرلىرىدىن مۇھەممەت سىيىت، ئابدىخالىق قاتارلىق ۋەتەنداشلار ھەر تەرەپلىمە ئامال ئىزدەپ، قىزغىنىپ داۋالىغان بولسىمۇ، ئەمما داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، ھىجرىيە 1405 - يىلى (مىلادى 1985 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بەختىگە قارشى دوختۇرخانىدا ۋاپات بولدى. 7 - سېنتەبىر ئەرەبىستان دىيارىغا دەپنە قىلىندى.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى ئانا يۇرتى قەشقەرگە ئاڭلانغاندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ پېشقەدەم موتىۋەر ئۆلىمالىرى، ئەدىب، يازغۇچىلىرى، ھۈنەرۋەن كاسىپلىرى چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدى. ئۇلار ئېغىر مۇسىبەت ئىچىدە توپ ـ توپ بولۇپ، مەرھۇم ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ ھېيتكار جامەسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان ئىگىز ئېرىق مەھەللىسىدىكى قورۇسىغا بېرىپ، تەزىيە بىلدۈردى، خەتمە قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ، ئائىلە، بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىدىن سەمىمى ھال سورىدى. ئىككى ھەپتىگىچە ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ ھويلىسى قاينام تاشقىنلىققا چۆمۈپ، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان تەزىيە بىلدۈرگۈچىلەر بىلەن تولدى.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتى قەشقەر ئۆلىمالىرىنى بىر شەھىدىن قايرىدى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تالانتلىق بىر جەڭچىسىدىن ئايرىدى. يورۇتۇلۇش ئالدىدا تۇرغان قەشقەر تارىخىمۇ بىر تىرىك شاھىتتىن مەھرۇم بولۇپ، چوڭ يوقىتىشقا ئۇچرىدى.

مەرھۇم ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم تارىخىي، دىنىي ۋە ئەدەبىي جەھەتتىكى كۆپلىگەن مول بىلىملىرى، شۇنداقلا بىر قىسىم ئىجادىيەتلىرى بىلەن خەلق ئارىسىغا تونۇلغان مەشھۇر دىنىي ئۆلىما، ئاتاقلىق تارىخچى ئالىم، تالانتلىق شائىر ئىدى.

مەرھۇم ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ھىجرىيە 1318 - يىلى (مىلادى 1900 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەر شەھەر ئىچى قازانچى كوچا مەھەللىسىدە مەشھۇر مۇئەررىخ، مۇرەببەتپەرۋەر ئالىم قۇتلۇق ھاجىم (شەۋقى) نىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. يەتتە ياشقا كىرگىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنجان كوچىدىكى ناتىۋان خەلپىتىم ھاجىم، ناسىرئاخۇن خەلپىتىملەر ئاچقان مەھەللىۋى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، خەت ساۋادىنى چىقارغان. ھىجرىيە 1332 - يىلى (مىلادى 1914 - يىلى) قەشقەر ھېيتگا جامەسىدىكى مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ، بىر تەرەپتىن سابىر ئاخۇن مەخدۇمدىن پىقھە ئىلمىنى ئوقۇپ ئۆگەنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئاتىسى قۇتلۇق ھاجىم (شەۋقى) دىن تارىخ ۋە ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە مەخسۇس تەربىيە ئالغان.

ھىجرىيە 1340 - يىلى (مىلادى 1922 - يىلى) ئىمە سەۋەپتىندۇر مەرھۇم ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ ئائىلىسى قەشقەر يېڭىشەھەر ئارا باغ مەھەللىسىگە كۆچۈپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئائىلىسى بىلەن بىللە كۆچكەن ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ئارا باغنىڭ مەشھۇر مۇدەررىسلىرى بولغان ئەمەت ئاخۇن خەلپەمنىڭ ھوزۇرىدا 14 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەپ، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ. 1933 - يىلى ئىلگىرى ئوقۇغان دىنىي پىقھە ئىلمىگە ئاساسەن ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەھكىمە شەرئىيىسىگە قازى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم قازىلىق مەنسۇپىگە تەيىنلەنگەن چاغ — دەل ئاپرېل ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، شىڭشىسەي تەختىگە چىققان، ئۇ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش قاتارلىق ئالتە چوڭ سىياسەتنى كۆتىرىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئەپتى بەشىرىسىنى تېخى ئاشكارىلىمىغان. شۇنداقلا قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلاۋىنىڭ تۈرتكىسىدە باشلانغان ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ئۈچۈن بولغان كۆرەش سادالىرى ړاسا ئەۋجىگە كۆتىرىلىپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ ئومۇمىي ئېقىمىغا ئايلانغان مەزگىل ئىدى. شۇڭا ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم بۇ مەزگىللەردە بىر تەرەپتىن قازىخانا ئىشلىرىنى شەرىئەت قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلماي، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتىسى قۇتلۇق ھاجىمنىڭ گېزىتچىلىك پائالىيىتىگە يېقىندىن ھەمكارلىشىدۇ. ھەمدە قۇتلۇق ھاجىم باش تەھرىرلىكىدە چىقىدىغان «يېڭى ھايات» گېزىتىنى قىزغىن قوللايدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئىچىلىق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەرنى پىكىرلەردىن ئۆلگىدەك قورققان جاللات شىڭشىسەي قۇتلۇق ھاجىمنى يوقىتىشنىڭ پەيىگە چۈشۈپ، ئۇنى 1937 - يىلى قولغا ئالغاندا، ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىمۇ بىللە قولغا ئالىدۇ. قۇتلۇق ھاجىم (شەۋقى) شۇ يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا تۈرمىدا ۋاپات بولىدۇ. خەلقنىڭ ھەقىقى غەزەپ سادالىرىدىن قورققان شىڭشىسەي ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنى تۈرمىدىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم تۈرمىدىن بوشىنىپ چىققاندىن كېيىن تا بىتىم ئىمزالانغانغا قەدەر يەنە داۋاملىق قازىلىق مەنسۇپىگە ئولتۇرۇپ، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەھكىمە شەرئىيىسىنى باشقۇرىدۇ.

ئۆتكەن قەمەرسىما بىلەن تۇرسۇن باقىنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «قەمەرسىما»؛ كورلا باش ئەگىمدە بولۇپ ئۆتكەن، خەلق ئارىسىدا «تاھىر - زۆھرا» دەپ ئاتالغان مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇرنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇر»؛ يەكەن ئىشقۇلدا بولۇپ ئۆتكەن نۇر ئەبزا خېنىم بىلەن بەختىيارنىڭ ئىشقى مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «نۇرئەبزا خېنىم ۋە بەختىيار باتۇر» ناملىق 20.000 مىسرادىن ئارتۇق بەش داستاننى سابىق جەنۇبى شىنجاڭ مەمۇرى مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىرىدىن قاسىمجان تەمبىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى يېزىپ تاماملىغان بولسىمۇ، بىراق مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىن ئىبارەت بۇ مۇستەبىتلىك ھەركەتتە ئىسيانچىلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن. ئاپتورنىڭ يەنە تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلانغان، نەسرى ۋە نەزمى ئارىلاش ئۇسلۇبتا يېزىلغان «قەشقەر تىنچىنىڭ بەت خالىغى»، «پەيزىۋاتلىق توختى مانجۇنىڭ ۋاقەسى» دىگەن داستانى بىلەن «غالچا بەدەخشى سىرتقى بۇلاڭچى» ناملىق كانجوتلۇقلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش جەريانىنى بايان قىلىدىغان تارىخى ئەسىرىمۇ ئاشۇ جەرياندا يوقالغان.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ چوڭراق ھەجىمدىكى يىرىك ئەسەرلىرىدىن بىرى «تارىخىي ئەسەر ۋاقىئاتى كاشغەر» دۇر. ئاپتور 600 بەتكە يېقىن ھەجىملىك بۇ تارىخى ئەسىرىگە تۈرك خەلقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىدىن تارتىپ تاكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شىنجاڭ ھەم تەشقەر رايونىدا قۇرۇلغان خانلىق ۋە ھاكىمىيەتلەر، بۇ خانلىق ۋە ھاكىمىيەتلەر دەۋرىدە بولۇپ ئۆتكەن زور سىياسى، ئىجتىمائى ئۆزگىرىشلەر، قىرغىنچىلىق ۋەقەلىرى، ھەرقايسى خانلىق ۋە ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان ھۆكۈمدارلارنىڭ نەسەبنامىلىرى، ئاتاقلىق شەخسلەر ھەم ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى، خەلقنىڭ ئورمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىيەت، ھۈنەر، سەنئەت ئەھۋالى، غەللە - پاراق، ئالۋاڭ - ياساق، باج تۈزۈملىرى، جاي ئىسىملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەسچىت، مەدرىس، مۇھىم مەدەنى يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ بىنا بولۇش، كول - ئۆستەڭلەرنىڭ چېپىلىش تارىخى، چەتئەل جاھانگىرلىرىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى، چەتئەل كونسۇلخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئىنتايىن تەپسىلى، كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە بايان قىلغان، كىتاپ تارىخى جەريانلارنى بىر خىل ئىزچىللىقتا تەرتىپلىك بايان قىلالىغى بىلەن گەرچە تارىخىي ئەسەر ھېساپلانسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدىكى بەدىئى تەسۋىر، لىرىك ھىسسىيات، ئوبرازلار خاراكتېرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يەنە بىر ھېساپتا ئۇنى بەدىئى ئەسەر دەپمۇ ھېساپلاشقا بولىدۇ. ئاپتور ئۆز كىتاۋىدا ئىپارخان، نوزۇگۇم، سىيىت نوچى ... غا ئوخشاش بەزى تارىخى شەخسلەرنى بايان قىلغاندا ئادەتتىكى تونۇشتۇرۇش شەكلىنى قوللانماستىن بەلكى ئەدەبى تەسۋىر ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، بۇ قەھرىمان تارىخى شەخسلەرنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازىنى ياراتقان. شۇنداقلا يەنە ئاپتور بەزى ۋەتەنلىكلەرگە قارىتا ئۆز كوز قارىشى ۋە ھىسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان لىرىك پارچىلارنىمۇ قىستۇرغان؛

مەسىلەن:

جانابى ھېكىم ۋاڭ بېگىمگە سالام،

خاراپ بولدى خەلقلەر بۇزۇلدي نىزام،

خاقان لى سىدا ① يوق ئىدى مۇنداق ئىشر،

---

① لى سىدا — قانۇندا دىگەن مەنىدە.

چەقىپ ھەرخىل ئالۋاڭ ياساقلار داۋام.
خوجاملار قىلىپ بىزنى ۋەيرانچىلىق،
پەقەت تىنجىيالماي تاپالماي ئارام.
بۇلاردىن قۇتۇلساق يانا مىڭ بەتەر،
ئەمردىلىق كىلىپ بىزنى باستى تامام.
بۇ دەۋراندا راھەت پەقەت بەگلەرگە،
ئۆلۈپ كەتسە مەيلى جاپاكەش ھارام.
ۋاڭ ئەۋلادى ھاكىم بەگلەر سىراپ،
چاكارلارغا يوق ھىچ تويغۇچە تائام.
ھېكىمنىڭ يېرى يەتتە پاتمان ئوشۇق،
نوكەرلىككە ئىشلەر غېرىپ سۇبھى شام.
تېرىپ ۋاڭ يېرىنى ھوسۇل غول ئېلىپ،
توشۇپ ۋاڭ غوجامغا بولۇپ خەلق غولام.
ھېكىمگە، بېگىمگە، خېنىمغا دىدەك،
بولۇپ ئىشلىسەك بىز يۇرت بارچە تامام.
ئورۇپ ئىشلىتىپ ياسىنى كا بېگىم،
سېتىپ بەردى ئالۋاڭغا دەپ قازاننى مامام.
ئۇرارلار مىچىتتە جامائەتلىنى،
سېلىقنى بېرەلمەي قېچىپتۇ ئىمام.
ئاش ۋە ناننى قويماي پۇشۇرغۇنچىلىك،
ئوچاقتا سويۇپ، قاينىماي پىشتى خام.
نوكەرلىككە بارساق تېپىلما ئورۇن،
ھېكىم ئەيتىدۇ كەت نېرى يوق چولام.
ھېكىم ۋاڭ بېگىمنىڭ تولا كارىزى،
پۈتۈپ بولغىچە ئىشلىدى خاس ئام.
مىراپلارغا قىلدۇق تولا سوقا-تاش،
تۆكەن، جۇۋازلارغا سېلىپ نەچچە تام.
خېنىملار شاماللىق تېرەك باغ دىسە،
بېرىپ توغمەتكە سېلىپ تال، بادام.
ئانار، ئەنجۈر، مېۋىلەر ئوخشىتىپ،
يانا كۆل توشۇپ نەچچە خىل نەچچە يام.
بېگىملەر شىكار ئوۋ قىلىپ ئوينىسا،
سېلىق بولدى يۇرتقا چىراغ بىلله شام.
ھەشەر ئىشلىسە نەچچە مىڭ ئەر-خوتۇن،
پاراغەتتە بايلار كورۇپ ئېھتىرام.
مانا بۇ بۇرھاندىن خوجىنىڭ ھوكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، شىنجاڭدا ۋاڭلىق دەۋرى باشلان-

ماندىن كېيىنكى ئىجتىمائى ئەھۋالاتلارغا قارىتا ئاپتورنىڭ غەزەپلىك ھەسسىياتى ۋە نارازىلىقىنىڭ بەدىئى ئىنكاسى بولسا، توۋەندىكىسى خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەر مىللى قەھرىمانى، سۆيۈملۈك قىزى نۇزۇگۇمنىڭ ۋاپاتىغا نىسبەتەن ئېچىنىش ھەسسىياتى بىلەن تولغان مەرسىيەسىدۇر.

ئايرىلىپ يۇرتتىن مۇساپىرلىقتا ئۆلگەن نازۇگۇم،
باغلىنىپ زەنجىرگە ھەيرانلىقتا ئۆلگەن نازۇگۇم.
سەن تېخى ياش غۇنچە ئەمەسمۇ بۇ ئەجەل كەلدى ئەجەپ،
يىغلىشايلى سەن ئۈچۈن غەيرەتتە ئۆلگەن نازۇگۇم.
ھايدىلىپ زۇلمەت بىلەن بىرقانچە ئايلىق يول كېزىپ،
ناتاۋانلىق دەرت بىلەن ھەسرەتتە ئۆلگەن نازۇگۇم.
بۇ قىزىل ئاققان قېنىڭ دەرتلىك يۈرەكتە ئاقتى سەل،
قاپقارا زۇلمەت تۈنىدە شىمەت ئۆلگەن نازۇگۇم.
ۋاي سېنىڭ قامەتلىرىڭ نازۇك بەدەن قاش كوزلىرىڭ،
ياد ئېتىپ يىغلاپ ئەسىرلەر غۇربەتتە ئۆلگەن نازۇگۇم.
بارمۇ بىزلەردەك جاھاندا خانە ۋەيران، يىرق كىشى،
بىگۇناسۇرگۈن بولۇپ كۆلپەتتە ئۆلگەن نازۇگۇم.

ئەسەرنىڭ مانا بۇ تەرەپلىرى خەلق داستانچىلىقىنىڭ نەسىر بىلەن نەزىم ئارىلاش شەكىلدە يېزىلىش ئۇسلۇبىغا بەكمۇ يېقىن بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ ئۆز ئەسىرىنى يېزىشتا ئىنتايىن قىزغىنلىق، جانلىق، ھەسسىياتلىق بولۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئېنىق كورۇۋالالايمىز.

ئەسەر يالغۇز تارىخىي قىممىتى بىلەنلا ئەمەس، شۇنداقلا ئەدەبىي جەھەتتىكى يۇقۇرقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ ئېتىۋار بېرىپ ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ.

ئىمىر ھۇسەيىن قازى ھاجىم ئوتكەندە موللا سادىق ئەلەماخۇنۇم — «موللا مۇھەممەت سادىق قەشقەرى» تەرىپىدىن ھەزرىتى موللام مازىرىغا ۋەخپەقىلىنغان «مەسنەۋى شرىپ» كىتاۋىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە قوشۇپ جەملەنگەن ۋەخپە قىلىش ھەققىدىكى ھوججەتنى تېپىپ چىقىپ مەھمۇد قەشقىرى مازىرىنىڭ ئىنىقلىنىشىدا زور خىزمەت كورسەتكەندىن باشقا، يېقىندا يەنە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات پائالىيىتىگە ئائىت «قەلەمى قۇرئان»، «بەھرىل ئەنساپ» قاتارلىق ماتىرىياللارنى تېپىپ كېلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپشۇرغان ئىدى.

مەرھۇم ئىمىر ھۇسەيىن قازى ھاجىمنىڭ بۇ خىزمەتلىرى ۋە ئەدەبىيات، تارىخ ئىلمىگە قوشقان زور تۆھپىلىرى ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ. تارىخ بېتىگە خاتىرىلىنىپ ئەبىدىل ئەبەت ساقلىنىدۇ ۋە يادلىنىدۇ.

* ~~~~◇~~~~ *

## ئىمىر ھۇسەيىن قازى ھاجىم شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر①

چۇشۇپ پاشىمغا ئى دوستلار بۇ يەڭلىغ ئىشق سەۋداسى،
سابا بۇلبۇلنى سايراتقان مۇئەتتەر گۈلى رەناسى.

① بۇ شېئىرلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئانغولىنتىسىدىن خاتىرىلەندى.

ئەزەلدىن ئىشق روھىمغا قەلەم سۇرەت ئەسەر قىلغان،
ئېقىپ قەلبىمدە جۇش ئۇرغاي ئەدىبلىك ئىلمى دەرياسى.

قەدىم ئۆتكەن زامانلاردا ئەدىبلىك ئىلمى ئەرباپلار،
يېزىپ قويغان رومانلاردا ماڭا قالغان بۇ مىراسى.

مېنىڭ روھىمدا مەتلۇبۇم، قىزىل قەلبىمدە مەھبۇبۇم،
كۆڭۈل سۆيگەن بۇ مەخسۇدۇم قەلەم سۇرمەك تەتەززاسى.

قايۇ كوكرەكتە ئىشق بولغان مۇھەببەت دىلدا ئوت بولغان،
جاھاندا خار - زار قىلغان كورۇك مەجنۇننى لەيلاسى.

تېپىپ ئىشق لەززەتىنى رەنجى مېھنەت بىللە دەرتمەنلەر،
مۇھەببەت يولدا دەرت تارتسا ئۇنىڭغا پەخرى ئەئلاسى.

قىلىپ ھەرخىل مالالەتنى ئۇنىڭغە قانچە غاپىللەر،
رەزىللەر دىلغا ئورناشقان جاپاكارلىق تەمەنناسى.

ھاشارەت ئىچرە قوڭغۇزلار ئىپار - زەپەرگە قارشىدۇر،
ياشار راھەتتە بۇ ئىپلاس نىجاسەت - تونىمە ھالۋاسى.

ئۇچار قۇش ئىچرە ھوف - ھوللەر گۈزەل بىر نەقشىدار مەخلۇق،
ئانار، ئەنجۇرنى يىمەيدۇر خالاجاي باغى مەئۋاسى.

قايۇ دىلغە چۇشۇپتۇر ئىشق كوڭۇل يادى مۇھەببەتتە،
پۈسەن بولمايدۇ ئاشىقغە جاھانغا بولسا پاشاسى.

مېنىڭ ئىشقىم ئەزەل كۈندىن قەلەم سۇرمەك ئەدىبلىقغە،
قەلەم كوڭلۈمدە بىر دىلبەر قارارمۇ چەشمە شەھلاسى.

بۇلاق قەلبىمدە قايناپدۇ يېزىش سەنئەت ناۋاسىغە،
شارابى شىرە كەيپىمدىن ۋۇجۇدۇم ئىشق شەيداسى.

ئەزەلدىن تائەبەت تارتقان ۋۇجۇدۇم دەرت ئەلەملەرنى،
قەلەم ئىشقىمغە تۆھمەتتىن رەقىپلەر پىتنە ئىغۋاسى.

دەرەختى مېۋىلىكلەردىن چىقار ئىنسانغا كۆپ بەھرە،
ئاتار كالتەكنى ئاچكۆزلەر رەزىلدۇر نەپسى ۋەسۋاسى.

ئىلىم مەشئەل چىراغ بولسا ئەدىبلىك نۇرى مەشئەلدۇر،
چىراغ نۇرىنى كۆرمەيدۇ كۆزىدە بولسا ئەئماسى.

شەپەرەڭ كۈنگە قارشىدۇر تىلەر دائىم قاراڭغۇنى،
قاچان كۈن چىقسا رۇشەنلىك كاما راھەتلى دۇنياسى.

كىتابى مىرئەلىشىرنىڭ ئىلىم دۇنياغا مەشھۇردۇر،
نى بوھتانلارنى دۈشمەنلەر قاۋاپ ئۇنىڭغا غەۋغاسى.

ناۋايى مىر ئىلى شىرمۇ قەلەم ھوسنىگە ئاشىقتۇر،
پەسەن بولماي يېزىپ ئۆتتى ئاڭا تاغ بولسا تىللاسى.

مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئىنسانغە داۋاملىق بەھرى يەتكۈزمەك،
ھەسەت تۆھمەت توقۇپ ماڭا يۇرتۇمنىڭ خەلپە، موللاسى.

كىرىپ دەرس ئىشقىدا مەن ھەم ئوقۇپ چىقسام ئەدىبلىكنى،
ۋەتەندە يوق ئەمەستۇر ئۇ مۇئەللىم ئىشق مەئەللاسى.

زىيارەت ئەيلىسەم لايىق تاۋاپ مەن ئىنامى ئالەمنى،
چاچار دىللارغا ئىلىم نۇرى ئەدىبلىك ئىلىم دەناسى.

بولالماس ئىشق ئەھلىگە نىگاردىن بولەك مەرغۇپ،
كېچە - كۈندۈز كۆڭۈل يادى نىگارى دىلغە ھەمراسى.

ھەقىقى چۈشسە ئىشق نۇرى توسالماس پەردە مايىللار،
كورۇڭ ھورمەتكە غۇربەتكە ئىبنىڭ بولمايدۇ پەرۋاسى.

بۇ يوللاردا ئەلەم تارتماق تەلەپ ئىشقىدە قان يۇتماق،
ۋەزىپە ئۆشبۇدۇر ھەركىمگە قىلسا ئىشق دەۋاسى.

تولا تارتىڭ ئەلەملەرنى ھەسەتخور پىتنە خورلاردىن،
يېزىپ ئىمىر ھۆسەيىن بول ھەقىقەت ئىلىم ھەمراسى.

× × ×

يارنى مەن چۈشۈمدە كوردۈم يار دىلى تارتقانىمكىن،
تۈنىدىن مەن يارنى سورسام ناز ئۇيقىدا ياتقانىمكىن.

يارنىڭ ھىجرىدە دىلدىن ياندى ئوتلۇق ئاھۇ - ۋاھ،
يارغا قىلغان نالىشىم ئۇيقىدىن ئويغاتقانىمكىن.

بۇ غېرىپ خانەمگە كەلسە ئىلتىپات بىر مەرھەمەت،
ياندە يانسام نى دەۋلەت بىرگە ئۇخلاتقايمەكىن.

ئەترە بوي ئول يار دىماغىمغا پۇراق بەرسە سابا،
تاڭ شامىلى كاكىلىن مىشكىنى قوزغاتقانىمكىن.

نىسپى شەپتە ئاي تۇغۇلدى يار جامەلىن كورگەلى،
زۇلپ ئاراسىدىن يۈزىنى ئايغا كورسەتكەنمەكىن.

قىلسىلەر بۇلبۇل ناۋا ۋەقتى سەھەر گۇل ئىشقىدە،
گۇل ئاراسىدە يېتىپ ئاشىقنى ياد ئەتكەنمىكىن.

باغ ئارارەيھان بويى يار ئىچسەلەر گۇلگۇن شاراپ،
قاش قارا خۇمار كوزى چولپانغە ئوخشاتقانىمكىن.

سەير ئېتىپ دەريا بويى چىقسا مەگەر جەۋلان قىلىپ،
مۇنتەزىر مەستانە كاككۇك زەپەپكە سايراتقانىمكىن.

ماڭسا يار فەرھاد قازغان سۇ بويى جەۋلان قىلىپ،
تۇتى سايراپ ھوسنىگە شىرىنگە ئوخشاتقانىمكىن.

كىرسە يار گۇلشەن ئارا سۇمبۇل زەپەرۇ زارىگە،
قۇمرى سايراپ نالە مەجنۇن لەيلانى توختاتقانىمكىن.

چىقسا يار مەنزەر راۋاق ئۈستىگە زوھرادەك بولۇپ،
يار ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ تاھىرنى داغلاتقانىمكىن.

تۇرسا يار كاكىل يېيىپ تاۋۇس رەنا كۆلكىدە،
ئاختۇرۇپ ئۇزرا كەبى ۋامۇقنى يوقلاتقانمەكىن.

كەرستىپ زىبا سەنەم رەئنا يۈزىن دىلدارىگە،
زار يىغلاتىپ غېرىپنى باغداتقە قوغلاتقانمىكىن.

يار ئاق نازۇك قولىدا چالسا تىللا سازىنى،
ساز سادالىرىدىن ئۆلۈك دىل روھى شادلانغانمەكىن.

يىغلاتىپ ئىشقى يۇسۇپنى ياقۇبى بىچارىنى،
غەم باياباننى ئارا بەيتىل ھەزەن ئەتكەنمىكىن.

ھەر بىر دىل ئىشقىدا ھەيران بۇ جاھان مەيدانىدە،
ۋەسلى يوق بولماي مۇيەسسەر دۇنيادا قاقشاتقانمىكىن.

ئىشقىنى مەن تەسۋىرلىدىم يارىم مىنىڭ تۇتسام قەلەم،
ئىشتىياقى شېئىرىدىن ئىلھامنى قايناتقانمەكىن.

مەن گۈلۈستانى ئەدەب گۈلزارىدىن ئالغان پۇراق،
گۈل پۇراقى كەيپىدىن قەلەمنى تەۋرەتكەنمىكىن.

گۈلغە ئۈچ گۈل ھەرىسى چىچەك ئىمەر گۈلنى شوراپ،
گۈلغە دوست مەستانە بۇلبۇل ئىشقى سايراتقانمەكىن.

كوكرىكىمنى ئىشق ئورتەر ھەر قاچان يازماق ئۈچۈن،
مېرھۇسەيىنىنىڭ قەدرى بولماي يازغانىغا يىغلاتقانمەكىن.

× × ×

ياخشىلىق قىل ئى ئوغۇل سەن تەندە بولسا جان ھايات،
تاكى قالغاي بۇ جاھاندا سەن ئۈچۈن بىر ياخشى ئات.

گەر يامانلىق ئەيلەسەڭ ئىنسانغە دىل قەھرىڭ بىلەن،
ھەممە خەلق لەنەت بىلەن ئېيتقاي ساڭا بولساڭ ۋاپات.

ياخشىلىق ئىنسانغا سەندىن يەتسە دىللار بولسا شات،
ئەل سېنىڭ ۋەسسىپىڭنى ئەيتىپ تىلگەي ھەقدىن نىجات.

سەن يامانلىق خەلققە قىلساڭ شەخسى ئارزۇيۇڭ بىلەن،
ۋەقتى كەلسە خەلق ئۇرار يۈزۈڭگە قاتتىق مىڭ كاچات.

ياخشىلىق قىل قول بىلەن ھەم تىل بىلەن قەلبىڭ بىلەن،
بۇ پەزىلەت سەندە بولسۇن بەلكى ۋىجدان ھەسسىيات.

سەن يامانلىق قىلما ھەرگىز ئى ئوغۇل مەردلىك بىلەن،
ياخشىلىقتىن مەرد بولساڭ ھېچ قاچان بولمايسەن مات.

بولسا باغرىڭدا يامانلىق شەخسى بىر نەقسەت بىلەن،
ئۇ يامانلىق ساڭا ھەمرا ئاقىبەت قىلغايسەن دات.

ياخشىلىق ئەخلاق پەزىلەت سەندە بولسا ھەرقاچان،
ياخشىلىق يولداش ساڭا ئىنسانغا سەن بولمايسەن يات.

سەن يامانلىق قوللىنارسەن ئەلنى ناھەق ئاغرىتىپ،
ۋەقت ئەگەر تۇتقاندا ئەل ئۇچاڭ مىگەر يوقتۇر قانات.

ياخشىلىق قىلماق ئۈچۈن سەن ياخشىلىق پۇرسەتنى تاپ،
ياخشىلارنىڭ ئاتى ئۆچمەس ھېچ قاچان ئۇ نۇرى زات.

ياخشىلارنى ئاقتىرىپ سەن ياخشىلىقتىن تەلىم ئال،
تات ئۆزۈڭنى سەن ياماندىن قىل ئۇنىڭدىن ئىھتىيات.

سەن يامانلىقتىن تۈزەلمەي ئۆتسە ئومرۇڭ ئاقىبەت،
بىر كۈنى ئۆلگەيسەن. ھەم جىسمىڭ ئەمەس تومۇر پولات.

ياخشىلاردىن يوق زىيان ئىنسانى ئاغرىتماس مەگەر،
ياخشىلار ئالى جاناپ، ئەلدىن دۇئا بولسا ۋاپات.

ئى يامانلىق قىلغۇچى يانچۇقچى، ئوغرى، بى ھايا،
سەندە ۋىجدان بارمۇ ھەرگىز بەلكي لەنەت قاتمۇ ـ قات.

رەھىمسىز بولغان قاراقچى ئەقىلسىز ئەخلاقىدا يوق،
ھاي قىماۋاز، سەن ھاراقكەش ئەمدىسەن خەلقتىن ئۈيات.

ئوغرى، يانچۇقچى، جىدەلكەش، نەشە ۋەن مۇدھىش تالاق،
دەيدۇ قاخشاپ ھەممە خەلقلەر بۇ كاساپەت بىزگە يات.

ئىشلىمەس ھورۇن تىرىكتاپ بى نومۇسنىڭ ئەقلى پەس،
ياش تۇرۇپ ۋىجدان يوقاتقان ئەسكىلىكتىن قولنى تارت.

سەن يامانلىقتىن تۈزەلسەڭ سەن ئۈچۈن بىر ئاقىۋەت،
كىم گۇناغا تەۋبە راس قىلدى خەلقتىن ئىلتىپات.

ياخشىلىق بىرلەن يامانلىق بار جاھاندا ھەر قاچان،
ياخشىلىق قىل ئى ئوغۇل، قىلما يامانلىق پەندىيات.

ياخشىلىقنىڭ مىۋەسىدىن بەھرىمەندۇر ياخشىلار،
ياخشىلىقتىن ئى ئوغۇل قالدۇر جاھانغا تەسىرات.

ياخشىلىق بىلەن يامانىنىڭ ھالىنى تەسۋىرلىدىم،
ياخشىلىقتىن مىرھۇسەيىن يازدىم نەسىھەت ئەدىبىيات.

× × ×

دىيارى كاشغەردە بىر ئۇلۇغ پەيزىلىك مازارىم بار،
بۈيۈك «دىۋان لۇغەت» يازغان مۇئەللىپ ھەق يازارىم بار.

ئۇزى ئەۋلادى تۈرك نەسلى ئىلىم ئەر بابى سۇلتانى،
ئۇلۇغ ئالىم ئاتامىزدەك جاھاندا نامدارىم بار.

ئىنى مەھمۇد قەشقەرى، ۋۇجۇدى مەرىپەت كانى،
ئوپال سەۋسەردە ماكانى ۋەتەنگە ئىپتىخارىم بار.

قەدىم مىللەتنىڭ دەناسى، كىتاۋى ھەقنىڭ دەۋاسى،
ئەدىب ـ ئىلىم مۇئەللاسى مۇسەننىپ تاجدارىم بار.

ئوقۇپ كورسەم كىتاۋنى بۈيۈك مەنا خەتابىنى،
ئېسىل زۇمرەت گوھەر يەڭلىغ كوزۇمگە تۇتىيارىم بار.

ئۇلۇغ پەزلىنى بىلگەنلەر بېرىپ تەبرىنى سۆيگەنلەر،
كوچەت ئورمانى تىككەنلەر بۇ تارىخ باھارىم بار.

تاۋاپ ئەيلەپ مازارنى سۆيۈپ ئالىم ئاياغىنى،
تىلاۋەت ئەيلىمەك قۇرئان يۈرەكتىن چىن قارارىم بار.

شەرەپ مىللەتكە مەھمۇدۇم يېزىش مەدھىيە مەتنۇدۇم،
كوڭۇل سۆيگەن بۇ مەھبۇبۇم قەلەم ئاتلىق نىگارىم بار.

يېزىپ تەسۋىرلىدىم مەھمۇدى قەشقەر ۋەسپىغە شېئىرى،
بۇ مىسكىن مىرھۇسەيىننىڭ كوڭۇل خوشلۇق باھارىم بار.

× × ×

ياخشىنىڭ ئاياغىدا خىزمەتتە ئولەك ئار ئەمەس،
ياخشىغا خىزمەت قىلىپ، نەزەرنى تاپقان خار ئەمەس.

سەن يىراق بولغىل ياماندىن كەلمە ھەرگىز قاشىغە
قەلبى گوردۇر ھىچ قاچان ياخشى ئاڭا دەركار ئەمەس.

سەن جاھاندىن كەتكۈچى ياخشىغا بولغىل ھەمنىشىن،
ياخشىدىن ئى دوستىلىرىم ھەرگىز كوڭۇل ئازار ئەمەس.

ياخشى بولمايدۇ يامان ھەرچەن نەسىھەت ئەيلىسەڭ،
ياخشىلارغا شۇم دىلى ھەرگىز ئېرىپ ئىقرار ئەمەس.

كوڭلى قاتتىقتۇر ياماننىڭ مەرىپەت قىلماس ئەسەر،
ياخشىغە قىلساڭ نەسىھەت كوڭلىدە ئىنكار ئەمەس.

ياخشىلارنىڭ مەرىپەت ھەم تەربىيەت ئەخلاقى بار،
قىلسىلەر ھەر ئىشنى خالىس كوڭلىدە مەككار ئەمەس.

١

ئەسلى بەدخۇلقلۇق يامانىنىڭ تەنگە ئورناشقان قېنى،
قانچە قىلساڭ ياخشىلىق سەن بەلكى مىننەتدار ئەمەس.

ھەر يامانىنىڭ كوڭلى قىشتۇر، ياز كۈنى بولماس ئىسسىق.
كوكلىتەلمەس ھېچ گىيانى، تەسىرى باھار ئەمەس.

ياخشىلارنىڭ كوڭلى يازدۇر، قىشتىمۇ بولسا سوغۇق،
قۇرىماس ھېچبىر گىيا، ئاپەتكە كوك دۇچار ئەمەس.

ياخشىلارنىڭ كوڭلى ساپدۇر ھېچ قاچان كەلمەس زىيان،
زاھىرى سالقىن كورۈنسە قەلبىدە ئەييار ئەمەس.

قاي يامانلار زاھىرى ئىنسانغە دوس كورۈنسىمۇ،
ھەر قاچان كوڭلى زەھەر، مەھبۇپقا ئۇ دىلدار ئەمەس.

ياخشىلارنى ئاختۇرۇپ سەن ياخشىنىڭ سوھبىتىنى تاپ،
ياخشىنىڭ ئىلمىي سوزى ھەرگىز ساڭا بىكار ئەمەس.

پەرق قىلغىل ئى ئوغۇل ياخشى بىلەن يامانىنى سەن،
ياخشىلاردىن يەتسە ئازار ھېچ كىشى بىزار ئەمەس.

بىل يامانىنىڭ كوڭلى تاشتۇر، تاشنى سۈت يۇمشاتمىدى،
شور زېمىندىن يانتاق ئۈندى، لايىقى گۈلزار ئەمەس.

ياخشىلارنىڭ مەنپەئەت بىرلە مۇرۇۋۋەت ئادىتى،
شەخسىيەت، نەپسانىيەتتە نەپسى ئۈچۈن ئاۋارە ئەمەس.

يامانچۇ؟ بىلسەڭ ئۇنىڭ قىلغان ئىشى نەپسانىيەت،
مەرىپەتتىن بەھرى ئالماس دىل كوزى بىدار ئەمەس.

يۇقمىدى نۇھنىڭ دۇئاسى ئۇ يامان ئوغلى ئۈچۈن،
قارا دىل گۇمرا قاۋانلار ياخشىلەرگە يار ئەمەس.

ئى خۇدايا، سەن يامانغا بىدالە ھەمرا قىلمىغىل،
سوھبىتى نائەھلىلەردىن ھېچ يامان دىشۋار ئەمەس.

× × ×

ھەر كىشىگە دوست بولارسەن، سەن ئۆزۈڭ ھالىڭغا باق،
تىل بىلەن دىلى بارابەر بولسا بولغىل ئىتتىپاق.

ساڭا دوست دەپ دۈشمىنىڭگە بولسا مايىل ھەر كىشى،
دوست ئەمەس ئۇنداق كىشى ئايرىل ئۇنىڭدىن سەن يىراق.

ئىشتىنى باقساڭ ئىشت سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭگە ئەل ئەمەس،
ئىتتىپاقلىق ئىخلاسى يوق دوستتىن بۇرادەر كەت نېراق.

گەر بېشىڭغا كەلسە غۇربەت قايسى بىر دەۋراندا بىل،
دوستى سادىق ئىشتىكەي يىغلاپ ساڭا تەڭسە تاياق.

ئاش، نېنىڭگە، ھۆرمىتىڭگە دوست بولۇر ئالدامچىلار،
بىر ئەلەم كەلسە ساڭا سۇ ئىچكىنى بەرمەس تاۋاق.

دەرت - ئەلەم كەلگەندە قاچقان ساختىپەز يالغانچى دوست،
كەلسە قاشىڭغا ئىشەنمە ئىشت ئۇنىڭدىن ياخشىراق.

بولسا دوست راھەتتە بىللە، جاپاغىمۇ تەڭ شېرىك،
بۇ ۋاپادار دوستقا سەن جانىڭ بىلەن باغرىڭنى قاق.

ھەر كىشىنىڭ سۆزىگە باقمىغىن، كۆرۈپ دوستۇم دېمە،
بولمىسا تەمكىن ئۇنىڭدا دوست ئەمەس تەنتەك، شاللاق.

بەزى گۈل بار زەپ چىرايلىق ھۆسنى رەڭدارەڭ گۈزەل،
گۈلى چىرايلىق ئەپيۇنمۇ تارقىتار زەھەر پۇراق.

بەزى دوست بار بەك چىرايلىق سۆزلەپ ساڭا دام قويار،
ھېلىگەر شەيتان بۇزۇقتۇر سۈرىتى ئادەم سىياق.

بەزىلەر دوستمەن دېيۇر بارساڭ ئۇنىڭ كۆز رەڭىگە،
باشلار يامان يولغا سېنى، توساڭ ئەبەت ساقلار نىپاق.

بەزىلەر دوستلۇق قىلۇر قىلسا ئۇنى ھۆرمەتتە سەن،
بىر ئەمەس سالقىن سوزۇڭگە ئاغرىنىپ تۇرتەر قاپاق.

دوست دىگەن بولسا باراۋەر يەتسە دوستلار ھالىگە،
بەزى خوشلۇق بەزى غەملىك سوزىگە سىلىپ قۇلاق.

كىم باراۋەردۇر ۋاپادارلىقتا دوست جانىڭچە بىل،
ئايىما جانىنى سەن ئۇنىڭدىن ئۇتسە دوستلۇقتىن سىناق.

يارىماس دوستلۇقتا ھەر دەم كىم ھاماقەت، پەھمىسىز،
دوستىغا يارىدەم كېرەك، پەرۋايى يوق، تويسا قوساق.

كىم ئىبىق ئاسراپ ئۆيىدە ساقلىسا گوش، ياغ بىلەن،
ئۇ ئىبىق نەپسى ئۈچۈن ئاخىر ئۇنى قويمايدۇ ساق.

سەن بۇ خىل نامەرتلەردىن دوستلۇقنى ھەرگىز كوزلىمە،
بارمۇ ۋىجدان، يوق ئۇنىڭدا كوڭلىدە ملقە خىل چاتاق.

ياخشى دوست كىم، ساختا دوست كىم، مىرھۇسەيىن تەسۋىر ئېتىپ،
يازدىم مۇنى مەن ئەمەلىيەت دەرسىدىن ئېلىپ ساۋاق.

× × ×

ئايا پەرزەنتلىرىم ئۆمرۈڭ بۇدۇنيادا ھازار ئولسۇن،
سىنىڭ دۈشمەن ـ رەقىپلىرىڭ تامامى خارىزار ئولسۇن.

پەلەكتىن بەختى ئىقبالىڭ بەلەند بولسۇن سىنىڭ ھالىڭ،
گۈزەل مەئۋادا ئەھۋالىڭ ھاياتىڭ بەختىيار ئولسۇن.

سىنىڭ يازغان خېتىڭ كورۇپ يۈرەك باغرىم سىراپ بولدى،
ئەزەل بۇ خەيرىخاھ مېھرىڭ ئۆزەڭگە ئىپتىخار ئولسۇن.

قاچان كەلسەڭكى يادىمغا، سۇنۇق روھلۇق خىيالىمغا،
كېلۇر خۇش بوي دىماغىمغە گۈلىستانلىق باھار ئولسۇن.

ئىبەرتسەڭ ياد ئېتىپ مەكتۇپ كۆڭۈلدە ئويلىغان مەتلۇپ،
خېتىڭ قەلبىمگە بەك مەرغۇپ، يۈرەگىمگە تۇمار ئولسۇن.

سېنى ئويلاپ يېتىپ ئۇخلاپ، سېنىڭ يادىڭدا مەن يىغلاپ،
چۈشۈمدە قاش قارا كۆزۈڭ سەھەرلەردە خۇمار ئولسۇن.

ئايا پەرزەنت يولۇڭ ئاقتۇر، يۈرەك ساغلام تېنىڭ ساقتۇر،
سۆزۈڭ باغرىمغا چاقماقتۇر غېرىپ باشىم نىسار ئولسۇن.

سېنىڭ يۈزۈڭنى بىر كۆرسەم، كۆرۈپ رەسىمىڭنى مەن كۆيسەم،
جۇدالىق دەردىدە مەن ئۆلسەم غېرىپ قەبرەم مازار ئولسۇن.

دىلىم مەئيۇس يىراقىڭدىن، كۆڭۈل قاخشار پىراقىڭدىن،
بولۇپ كەيىپ ئۇشتاقىڭدىن، هاياتىم ئاشكار ئولسۇن.

سېنىڭ جىسمىڭدە غەملىك ياش، ئاقار كۆزۈڭدە دەريا ياش،
بالام ئەھمەد ساڭا يولداش، خۇدايىم ئاڭا يار ئولسۇن.

بالام دىلنۇرۇ خالىدەم، خالمۇرات، ئارسلان نەۋرەم،
پۈتۈن ئەۋلادقا بۇ يادەم سىلەرگە يادىكار ئولسۇن.

توشۇپ ئۆمرۈم ئاخىرلاشقان، قاماقتا مەن غېرىپلاشقان،
تېنىم ئاجىز زەئىپلاشقان نەمەندە بىر مادار ئولسۇن.

يېزىپ هالىمنى سەن لورباڭ ئوقۇپ خېتىمنى سەن كۆرسەڭ،
مېنىڭ دەردىمنى سەن بىلسەڭ، غېرىبىمىڭ نالە زار ئولسۇن.

تۇرار جايىڭ ئۇزۇن مەنزىل ساڭا يىغلايدۇ سۆنغان دىل،
بېرىپ سوزلەشكە يوقتۇر تىل نەمەندە ئىختىيار ئولسۇن.

پىراق دەردىمگە يوق مەلھەم، دىلىمغا ئەسلا يوق مەھرەم،
ئۆمر هۇسرىيىن ساڭا ھەمدەم قەلەم ئاتلىق نىگار ئولسۇن.

× × ×

ئىككى يۈز بولما ئوغۇل بىر يولغا سەن كۆزۈڭنى ئاچ،
ئىككى خىل بولغان كىشى ئىنسان ئەمەس هايۋان مىزاچ.

www.uyghurkitap.com

تورۇلۇپ دۇنياغا كەلدىڭ ھەق ئۈچۈن قويغىل قەدەم،
ھەق دېگەن دۇنيادا ئوتكۈر ھەق ئوزى نۇرلۇق سىراج. ①

قولغا كەلمەس بۇ ھەقىقەت ئىككى يۈزلۈك لالمەغا،
ئىككى يۈز بولغان مۇناپىق ھېچ قاچان تاپماس راۋاج.

بىر ئىرادە بىر نىيەت ئىنسانغا خىسلەت، مەرتىۋە،
شوھرىتى تارىخقا زىننەت ئالى جاناپلىق كەيدى تاج.

كىمدە بولسا ئىككى يۈزلۈك دەۋرىنىڭ شەرمەندىسى،
قايسى بىر دەۋراندا بولسا دەربەدەر خارلىقتا ئاچ.

ئاقىل ئولساڭ ئەي ئوغۇل سەن بىر نىيەت، ۋىجدانلىق بول،
خەلق ساڭا قىلغاي ئەقىدە سەن ئۈچۈن ئول ئالتۇن تاج.

ئىككى تىللىق، ئىككى يۈزلۈكلەردە يوق ۋىجدان پەقەت،
ھەق بىلەن ناھەقنى پەرقسىز ئايرىماس ئۇ تەلبى كاج.

ئىككى يۈزلۈك، ئويلىغان مەقسەتكە ھەرگىز يەتمەگەي،
ھېچكىشى قىلماس ئىشەنچى «ئول بۈنىگدىن، - دەيدۇ، - قاچ».

كىمكى قوغلار جۈپ كېيىكنى بىرمۇ قولغا كەلمىگەي،
ھاسىراپ قوغلاپ يېتەلمەي يولدا يوق ئىچمە ئوماچ.

ئەي ئوغۇل ئەيتاي ساڭا ھەق يولنى سەن تاپاي دېسەڭ،
بىرنى تۇت ئىخلاس بىلەن قىل ھەممە دەردىگە ئىلاج.

ئىككى يۈزلۈك بولسا ھەركىم سولتى زور تۈلكىدەك،
ئاقىبەت تاپقانغا چۈشكەي سەكرىسە سەكسەن غۇلاچ.

ئىككى يۈزلۈك قوللىنىپسەن توپلىساڭ ھەر قانچە مال،
ئول ھەقىقەت ئالدىدا مالىڭ توگەپ ھەم قالدى باج.

---

① سىراج — بۇ يەردە ئاپتور «چىراغ» مەنىسىدە ئىشلەتكەن.

بىر نىيەت، ئىرادىدە قىلسا قانائەت ھەر كىشى،
ئاڭكوڭۇل، مال يوق كىشىدىن پادىشا ئالماس خىراج.

ئىككى يۈزلۈك خاھىشى قەلبىدە بولغان راك كېسەل،
راك كېسەل بولساڭ تېنىڭگە يوق داۋا قىلسا ئىلاج.

ئىككى يۈزلۈكتۇر كىشى ئادەتتە ئۇ بىر جا ساپال،
سىر بىلەن زىننەتلىگەن كېتەر رولى سۇنسا پۇراج.

ئىككى يۈز بولما ھەقىقەت يولىدا سەن ئىمىر ھۆسەيىن،
بىر نىيەتلىك مەئرىپەتتىن قالدۇرۇپ تەسرىنى ساچ.

× × ×

ئەزەلدىن تائەبەت دوستلار قۇتۇلمام غەم بالاسىدىن،
يۈرەكتىن لەختە قان ئاققان ھايات كۆلپەت جاپاسىدىن.

جاھانغا كەلدىم مەن شۇ ئان گۆدەك تۇرۇپ يېتىم بولدۇم،
داۋام مەن قايغۇلۇق ھالدا، يېتىپ دەۋران جاپاسىدىن.

يېشىم توت ياشقا يەتمەيلا ئانامدىن مەن يېتىم قالدىم،
ئاتام قاشىدا مەن سىغماي كورەلمەي مېھر ۋاپاسىدىن.

يېتىملىك بىللە مەن ئۆستۈم غېرىپ مەزلۇم مومام قىشىدا،
ئوقۇپ مەكتەپتە توققۇز يىل ئىلىم دەرس ساۋادىدىن.

ئوقۇش مەكتەپ داۋامىدا مومام بەرھۇم ۋاپات بولدى،
يېتىملىكتە بېشىم قاتتى ئۆكەي ئازار ساداسىدىن.

ئاتام بىلمەيدۇ ھالىمنى يېتىملىكتىن سوئالىمنى،
تۇرۇشقا بولمىدى ئىمكان تولا دەرت خىلاپىدىن.

كېتىشكە مەن پانا ئىزلەپ، تۇرۇشقا مەن ماكان كوزلەپ،
غېرىپلىقتىن بايان سوزلەپ پانا ئالدىم شەيىخ خانقاسىدىن.

مىرىپلەرگە پانا بولغان، ئىلىم، ئەخلاق بىلەن تولغان،
پىرىم بولدى كىبىردىن قاچقان مۇئەللىم پېشىۋاسىدىن.

ئوقۇپ ئەخلاق، دىن دەرسىنى، ساۋاق ئالدىم مۇدەرىستىن،
چىقىپ خىزمەتنىڭ ئەھدىسىدىن، پىرىمنىڭ ئالدىم دۇئاسىدىن.

قىلىپ خىزمەتتە كەمتەرلىك، تۇۋەنلىك بىرلە دىلبەرلىك،
بولۇپ قالدىم شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەت مۇختەداسىدىن.

شۇ دەۋراننىڭ تەقەززاسى، قىلىپ قازىخانا ئەزاسى،
ماڭا ئاخۇنلار نارازى، تەكەببۇرلۇق ھاۋاسىدىن،

مېنىڭ ئۈستۈمدە ئون ئاخۇن، ئۇلارنىڭ ئىلكىدە قانۇن،
ئۇلار ئالدىدا مەن زەبۇن كىچىكلىك بىناۋاسىدىن.

بۇ ئاخۇن ھەر بىرى بولغان مۇجۇدى نەپس بىلەن تولغان،
بىرىپ تۇرسام ئامان تۇرغان مۇرۇۋۋەت - كىمخاپ كۆلاسىدىن.

يەنە يامۇلدا بەگ، تۇڭچى، فارا، رىشۋە، ئىش ئۇڭچى،
قىلىپ تەھدىت ماڭا شۇنچى، لىگەن داسقان تاماسىدىن.

بۇلارنىڭ كەينىدىن بىرجاڭ، تىخى سۇڭجاڭ بىلەن كوجاڭ،
قاپاق تۇرتەر يوغان جۇجاڭ ئىلىشنىڭ مۇددىئاسىدىن،

بالاخور ئاقساقال شاڭزۇڭ، تاماخور مۇستەبىت لوزۇڭ،
قويۇپ ئالدىغا مەن تاڭزۇڭ، ساماۋەرنىڭ پولۇسىدىن.

يۇقارقى مۇستەبىتلەردىن ھەممىشەم دەككە دەشنەملەر،
توقۇپ ھەر ياڭزا بەدناملار مالامەت ئىختىراسىدىن.

شۇ دەۋرانلاردا زالىم شىڭ ھوكۇم سۈرگەن ئىدى قانلىق،
زۇلۇم ھوكمىدە بار جانلىق، بالا - ئاپەت قازاسىدىن.

قىلىپ تۇھمەت ماڭا كوجاڭ، يامان دەپ بولدى بوجاڭ،
سېلىپ زەنجىر قاماپ سوجاڭ زۇلۇم تۇھمەت سىياسىدىن.

شۇ نەزگىلدە ئاتام بىللە قامالدىم ھەم تاغام بىللە،
بۇ ئەۋلاد يەتتە جان بىللە يوقالدى زىندان بىناسىدىن.

جۇدا بولدۇم ئاتامدىن مەن يەنە ئەۋلاد قېرىنداشتىن،
يۈرەكتىن لەختە قان كەلدى بىغىر بولغان يارىسىدىن.

يېتىپ ئۈچ يىل قاراڭغۇدا، زىندان ئىچرە مەن يالغۇز،
تولا يىغلاپ خۇدايىمغا نىجات تاپتىم ئازاسىدىن.

قۇتۇلسام مەن بۇ زالىمدىن يەنە بولدى مۇستەبىتپەيدا،
جاھانغا تولدى مىلىك ئاپەت مۇنىڭ شۇھرەت ساداسىدىن.

بالاخور ئاقساقال بايلار، ھوقۇقلۇق بولدى يىل ـ ئايلار،
بولۇپ ئول مۇستەبىتلارنىڭ يولەنچۈك پىشۋاسىدىن.

گومىنداڭدىن سىقىلدىم مەن، بالاخوردىن قىسىلدىم مەن،
ھەقىقەتكە ئىسىلدىم مەن، يامانلار غەۋغاسىدىن.

يامانلارغا يىلىنمىدىم، خۇشامەتكە سېتىلمىدىم،
مۇستەبىتلەرگە قېتىلمىدىم، يۈرەك ۋىجدان ساپاسىدىن.

بالاخورلارنى قىلدى باش سەنيىڭخۇي دەپ بىر قالاق تەشكىل،
بالاخۇر ئەزدى پۇخرانى تەشكىلنىڭ ئىداسىدىن.

بۇ تەشكىلگە رىياسەتلىك، قىلىشقا يوق پاراسەتلىك،
مۇستەبىتلەرگە پاراغەتلىك، ئالۇر ئالتۇن پاراسىدىن.

قامالدىم ئالتە ئاي ناھەق، مۇنى سورىمايدۇ ھېچكىم ھەق،
«بوي ئەكمەيسەن، ـــ دىدى، ـــ تەبلەخ» دېگەن زۇلمەت جاپاسىدىن.

قاماپ ئالتە ئايمۇ زىنداندا، خەلق نارازى ۋىجداندا،
تىلەپ ئەل مىنى مەيداندا تەلەپلىك ئىلتىجاسىدىن.

قاماقتا رەڭگى روھىمدىن، ئاداشقان پاك روھىمدىن،
كىشىلىك ئابرۇيىمدىن، كېتىپ ھايات ناماسىدىن.

ئېلىپ تاشلاپ ۋەزىپەمدىن، قىلىپ مەھرۇم ئىسۋەمدىن،
تېنىم كۆيدى ئەلەم غەمدىن، گومىنداڭ دىل ئازاسىدىن.

ۋەتەن، خەلقىم تەلەپ قويدى، «مېنى ئازات قىلىش» دېدى
«بۇ ئەگمىدى نېچۈن» دېدى، دىلى زۇلمەت قاراسىدىن.

تىكىلدى كۆپچىلىك ئامما، سۇنۇپ ئەل ئىلتىماسنامە،
قارا كۆڭلى بولۇپ سامە، نىجات تاپتىم ئەل ئىلتىماسىدىن.

يوغان سەللە مۇناپىقلار، مۇستەبىت يولغا سادىقلار،
دىلى شەيتانغا لايىقلار، دىلىم مەيۇس ناسازاسىدىن.

مېنىڭ ھالىم بۇ خىل ئۆتتى، مۇناپىقلارنى يەر يۇتتى،
ئاخىر دەمدە قىساس تۇتتى، يەگەن ناھەق پاراسىدىن.

بەگ، ئاخۇن ئاتانغانلار، ھەقىقەتنى ئۇنتۇتقانلار،
ئىلىمنى پۇلغا ساتقانلار دېدى: «جاھالەت پەتۋاسىدىن»

شۇ مەزگىللەردە «فايۇەن» دەپ، ئادالەتتە مۇئەييەن دەپ،
سوراش دەئۋانى جەزمەن دەپ، خىيانەتنىڭ ئاساسىدىن.

بۇ فايۇەن پۇل تېپىش يولىنى قىلىپ ئالغان زۇلۇك پۇلىنى،
سۇنۇپ پارىغا شۇم قولىنى، ئېلىپ خائىدىن تاۋاسىدىن.

ھەممە ئىش پۇل بىلەن بولغان، ئەمەلدارلىق پارا بىلەن تولغان،
ھەقىقەت كۆمۈلۈپ قالغان، كۈمۈش، ئالتۇن تىللاسىدىن.

شۇ دەۋراندا ئېزىلدىم مەن، يامان نامدا سېزىلدىم مەن،
قاماشقا يېزىلدىممەن خەلپە، موللىنىڭ ئىغۋاسىدىن.

تولا تۆھمەت مالامەتتىن قۇتۇلماي ئۆتتى بۇ ئۆمرۈم،
ئەلەم تىغى بىلەن سۇنغان، دىلىم تاپماي داۋاسىدىن.

ھەقىقەتسىز زامانلاردا، ھوقۇق پۇلدار يامانلادا،
بولۇپ مەنسەپ چايانلاردا، ئۇ دەۋراننىڭ ھاۋاسىدىن.

پارا خورلۇق مۇقىملاشتى، خەلق هالى قالاۋلاشتى،
مۇستەبىتلىكمۇ ئاپاۋلاشتى گومىنداڭ ئاساسىدىن.

بۇ تارىخ ھىجرى مىڭ ئۈچيۈز، يەنە يەتمىش تولۇپ توققۇز
سەپەر ئېيى توشۇپ ئۆتتۈز گومىنداڭ كۆم جازاسىدىن.

× × ×

ئى دوستۇم دىلبەر ئىشقىڭدا كويۇپ،
ئاھ ئۇرۇپ قانلار يۇتسام مەيلىمۇ؟
يولۇڭدا ۋەيران، سەرگەردان بولۇپ،
ھىجران پىراقىڭدا تۇتسا مەيلىمۇ؟
پەرھاتتەك دائىم تىنماي ئاھ ئۇرۇپ،
كۆلدەك چىرايىم سۇلسا مەيلىمۇ؟
ئىشقىڭ ئوتى دەم يانار كوكرەكتە،
ئورتىنىپ جىسمىم كويسە مەيلىمۇ؟
يادىڭ دىلىمدا ئەقلىم بىقارار،
مۇز تەر ھالىمغا كۈلسەڭ مەيلىمۇ؟
ئى نازۇك دىلبەر سورىماي ھالىنى،
بىر رەھمە قىلماي يۈرسەڭ مەيلىمۇ؟
رەھمەيلىكلىك ئىنسانىڭ ئىشى،
رەھمىڭنى كورمەي ئۆلسەم مەيلىمۇ؟
بىر سائەت ۋەسلىڭ بولسا مۇيەسسەر،
ئاندىن جاھاندىن كەتسەم مەيلىمۇ؟
ئى باغرى قاتتىق ئەجەپ يوق رەھمىڭ،
مۇنداق جاپالار سالساڭ مەيلىمۇ؟
كورسەتمەي ۋەسلىڭ يىغلىتىپ مىنى،
ئوتىنىڭ ئىچىدە قويساڭ مەيلىمۇ؟

× × ×

پەيزىۋاتلىق غېرىپ كەمبەغەل ڭاس كېپەكنىڭ ئۆز ئاجىزلىقىدىن
شىكايەت قىلىپ، ھاكىم توختى مانجۇغا سۇنغان ئەرز نامىسى

## ئەرز نامە

پەيزىۋاتتا ئولتۇرادۇر توختى باتۇردەك تورە،
قىلغىنى خاندىنمۇ ئارتۇق تەھرىمانلىقتا تورە.

خانىمغۇ بېيجىڭدا دېيىمىز، خەلپەنى رۇمدا دەپ،
نىمە، پايدا خەلققە ئۇندىن سورىمىسا ھالىڭنى دەپ.

توختى باتۇر ھاكىمىگە گاس كېپەكنىڭ ئەرزى بار،
ئەدلى بىرلە سورىسىلەر كىم گاس كېپەكنىڭ دەردى بار.

ھۆزۈرۈڭغا مەن كېلىپمەن ئەرزى ھالىم ئېيتقىلى،
پادىشاھىم تەكشۈرۈپ دەردىمنى سەن بىلگىل قېنى.

بارچە ئەلنىڭ ئۇسۇسىدا لىقمۇ ـ لىقتۇر تىنزدا سۇ،
گاس كېپەكنىڭ سۇ تۇتالماي بولدى پوستەك يېرى شو.

تېرىيالماي تۇتمىدىم ئالۋانغا بەردىم بېرىنى،
تاپقان ئاشنى ساڭغا توكتۇم باللا يەيدۇ چېرىنى.

بارچە ئەل بۇغداي تېرىپ قارنى توق ئوبدان يىدى،
گاس كېپەكنىڭ قوسقى ئاچ چۈجگۈن قوناق يوبدان يىدى.

قارا يەرنى ئوسا قىلدىم چاچقىنى يوقتۇر ئۇرۇق،
گاس قۇلۇڭ ئورداڭغا كەلدى يانمىسۇن ھەرگىز قۇرۇق.

ئەرتە كەتمەن ئۈينى تاپسام يوق ئىكەن بۇقۇسىسى،
چىش بىلەن تاپسام بۇقۇسى كەتتى يەرنىڭ ئوسسى.

ئوسا كەتكەن يەرنى ھەيدەپ سۇندى قوشلۇقتا چىشى،
ئورۇق ئۆي قوشقا ماڭالماي ئۈزدى كەچكۈن تىركىشى.

ئورۇق ئۆي بىرلە سۇنۇق چىش يۇمشمايدۇ چالمىلىق،
يەر بېشىدا بىر دەرەخ يوق پاتمىچۇقلۇق سالمىلىق.

ئاش - ئۇماچ پىشۇرغىلى يوقتۇر بىساتىمدا ئوتۇن،
بەش قىزىم يانتاق چېپىپ، چاۋا تىرەر دوڭغاق خوتۇن.

ئۆلتىپاتىڭدىن ئۇمىت بىرلە كېلىپ قىلدىم دۇئا،
قىل تەرەھھۇم قەھرىمانىم سەن ئېرۇر سەن باش پانا.

## مۇبارەك ①

بىزدىن سالام جەڭچىلەر خۇش تەلئىتىڭ مۇبارەك،
قەلبىڭدە قەھرىمانلىق شىجائىتىڭ مۇبارەك.

سىزلەر ۋەتەنگە پەرزەند تۇپراغىمىزدا گۈلدەك،
كۆڭۈلدە مېھرىبانلىق خۇش مېھنىتىڭ مۇبارەك.

سىزلەر ۋەتەن باتۇرى خەلق جانغا كاپالەت،
دۈشمەنگە پەھلىۋانلىق جاسارىتىڭ مۇبارەك.

كومپارتىيە تەربىيەت قىلغان سىلەرگە ھەردەم،
سوتسىيالىستىك روھاۋق قىياپىتىڭ مۇبارەك.

ھەربى لىباسنى كەيگەن، ئالتۇن پاگونى تاقىغان،
دۈشمەنگە مىسلى تاغدەك زور ھەيۋىتىڭ مۇبارەك.

ھورلۇك يولىدا بىزلەر جاپانى كوزگە ئىلماي،
مېھنەتكە ھېچ يىگىلمەس چوڭ غەيرىتىڭ مۇبارەك.

سالام بىلەن سىلەردىن ئۈمىت كۈتەر كوپچىلىك،
ۋەتەنگە پاسىبانلىق بۇ جۈرئىتىڭ مۇبارەك.

بەش يۇلتۇزلۇق بايراقنى ئۈستۈن قىلىش ۋەزىپەڭ،
دولەتكە چىن ئىشەنگەن ئىتائىتىڭ مۇبارەك.

ۋەتەن ساتقۇچ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋەھشىدەك،
خەلق ئەسكىرى مېھرىبان سالاپىتىڭ مۇبارەك.

مۇندىن كېيىن ھەرزامان ھەربى ھۇنەر ئۈگىنىش،
خىزمەتلىرىڭ ئۇتتۇقلۇق پەزىلىتىڭ مۇبارەك.

ئەخلاقىڭدىن بۇ يۇرتتا تەسىرلەنسۇن ئەر - ئايال،
ھەممە بىردەك ئىشەندى، ئىناۋىتىڭ مۇبارەك.

---

① بۇ شېئىر «قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1957 - يىل 5- فېۋرال سانىدىن ئېلىندى.

ۋەتەن ئۈچۈن كىم قۇربان ياكى مەيۈپ كىم بولغان،
تارىخ سەھىپىسىدە يىل زىننەتىڭ ھەم مۇبارەك.

ياشلارنىڭ ئىختىيارى، ئەسكەر بولۇش خىيالى،
قىزغىن كوڭۇلدە ھالى، پاراستىڭ مۇبارەك.

ھال سورىغىلى بىز كەلدۇق، سالام يولداش سىلەرگە،
خەلق ئەسكىرى باھادىر بۇ ھورمىتىڭ مۇبارەك.

1957 - يىل فېۋرال.

١

## پەرزەندى ئەۋلادىمغا ۋەسىيەت ①

ئىشىت پەرزەنت ساڭا ئېيتاي مېنىڭ بۇ نالە زارىمنى،
غېرىپلىق مەنزىلىدە ھەم يىقۇرۇلۇق يىرق - بارىمنى.

پۈتۈن ئۆمرۈم ھاياتىمدا، ئىلىم كەسپى ساۋادىمدا،
يېزىش ئىشىق ھەسسىياتىمدا بىلىم بىلگەن گۇنارىمنى.

قامالغان تۈرمە ۋادىدە، داۋام ئەمگەكتۈر يادىدا،
ئاقارغان ساچ - ساقالىمدا يوقالغان ئېتىۋارىمنى.

رەقىپلەر پىتنە غەۋغاسى، جىنايەتچى قىلىپ ئاسى،
كېسىپ ھىچ يوقتۇر ئاساسى بوغۇپ ئەركىن ئىختىيارىمنى.

يامانلىق يازدى نامىمغا، خاتالىق تولدى شانىمغا،
ئېسىپ ئېلاننى بوينۇمغا گۇناھكارلىق تۇمارىمنى.

بازار كۆزىنە باغلانغان، سازايى كوچا ئايلانغان،
جازا دەشتىگە پالانغان، بۇ يەڭلىغ خارۇ زارىمنى.

قىزىق قۇماۋق باياۋاندا، قىلىپ ئەمگەك زىمىستاندا،
يېتىپ ئۈچۈق، شىۋىرغاندا، كۆمۈلگەن دوۋە قارىمنى.

---

① ئاپتور بۇ شېئىرلىرىنى تۈرمىدا تۇت كىشىلىك گۇرۇھىنىڭ زوراۋانلىقىغا تارتىپ تۇرۇپ يازغان.

قېرىلىق بىللە بىچارە، گۇناھكارلىقتا ئاۋارە،
غەمۇ ھەسرەتتە دىلپارە، تاپالماي ھېچبىر چارەمنى.

قەدەم باسسام مەئيۇسلۇقتا، كېچە ـ كۈندۈز غېرىبلىقتا،
جىنايەتچى ئېيىبلىقتا، زەئىپلەشكەن مادارىمنى.

كېچە ـ كۈندۈزدە ياد ئەتمەك، سۇنۇق روھىمنى شات ئەتمەك،
سەھەر ئاللاغا داد ئەتمەك پىغانلىق ئىنتىزارىمنى.

ھەمىشە مەن دۇئا بىرلەن، تەلەپ ھەم ئىلتىجا بىرلەن،
رىزالىق، خەيرىخاھ بىرلەن سىلەردەك يادىكارىمنى.

يېشىم يەتمىش تولۇپ سالىم، قاماقتا بىقۇرۇ ھالىم،
ۋاپات بولمىشكى ئايالىم، رەپىقىي روزىكارىمنى.

ھاياتىمغا ۋاپادارلىق، ۋاپاتىمغا خىرىدارلىق،
دىلىمغا مېھرى دىلدارلىق كۆكلۈلدە گۈل باھارىمنى.

تامام ئەۋلادى پەرزەندىم، يۈرەك باغرىم، جىگەر بەندىم،
ئامان قىلسۇن خۇدا ۋەندىم، بالام سىز بەختىيارىمنى.

سىلەرنى ئويلىسام ھەر كۈن كوزۇمدە ئۇيقۇ يوق بىر تۈن،
يۈرەك پارە ئەمەس پۈتۈن سېغىنغان دىل خۇمارىمنى.

قاچان كەلسەڭ زىيارەتكە، مېنى يوقلاش بىشارەتكە،
بېسىپ مەلھەم جاراھەتكە تۈزەتتىڭ غەم غۇبارىمنى.

كېچە ـ كۈندۈز ئاقار ياشىم غەمۇ ھەسرەت بىلە باشىم،
تولۇق سىگمەس يىگەن ئاشىم، بېرىپ كورسەم دىيارىمنى.

ۋەتەن كاشغەردە ئاستانىم، دىيارىم باغۇ ـ بوستانىم،
يېزىپ دەرد بىرلە داستانىم، ئەلەملىك ئەشئارىمنى.

قاماقتا يىلنى ئۆتكۈزدۈم، قېرىپىمەن پەھمىدىن ئازدىم،
ئېلىش ئەپۇەگە خەت يازدىم مېنىڭ مۇددەت قارارىمنى.

بالام قۇددۇس بىلەن قۇتلۇق، دىلىمدە مېھرى بەك ئۇتلۇق،
ئىنايەت، ئەسقەرمە مۇڭلۇق، بۇلاردەك ئىز باھارىمنى.

بالام قارىيە، مارىيە، كىچىك دىلبەرمۇ رازىيە،
دۇئايىم دىلدە زارىيە، بۇ ئەۋلاد ئىپتىخارىمنى.

يەنە دىلنۇرمۇ خالىدەم، مۇساپىرلىقتا پاتىمەم،
بولۇر ئەۋلادغە بۇ ھەمدەم، شەپى قىپ پەرۋەر دىگارىمنى.

ئۈمىدىم ھەر قاچان سىزدىن، تەلەپتە ياش ئاقار كۆزدىن،
ھاياتىم كەتسە تىل سۆزدىن، ۋەسىيەت بۇ يازارىمنى.

ۋەسىيەتلەرنى پەھمە ئەتكىل، غېرىپ ھالىمغە رەھمە ئەتكىل.
بابام يانىغە دەپنە ئەتكىل، غېرىپ قەبرى مازارىمنى.

ۋاپات بولسام جاھاندىن مەن مېنىڭ روھىم قىلىڭ خۇرسەن،
«غېرىبىم» — دەپ يىغلىغىز پەرزەن مېنىڭ ماتەم ھازايىمنى.

ئەلەملىك قىبلىگاھىم دەپ، دۇئا گۆي خەيرىخاھىم دەپ،
جاپاغا مۇپتىلا ھەم دەپ، مېنىڭ كۆرگەن ئازارىمنى.

پانا بولسا ھايات دەۋرەم، تۇتتۇڭ تاۋۇتنى توت نەۋرەم،
پېزىلىق لەۋھە غېرىپ قەبرەم، دەرتلىك بۇ شىئارىمنى.

ئاتالغان ئەھلى ئىمان دەپ، سانالدىم جىن ـ شەيتان دەپ،
قامالدىم دىنى ۋىجدان دەپ، ئەقىدە ئېتىقادارىمنى.

دىلىمدە ئىشقى مەتلۇبۇم، يېزىشقە ئەسلى مەقسۇدۇم،
كۆڭۈل سۆيگەن بۇ مەھبۇبۇم، قەلەم ئاتلىق نىگارىمنى.

ۋەتەن ئەھلىگە رەھمەت دەپ، بۇلار بولسۇن سالامەت دەپ،
خۇدايىمغە ئامانەت دەپ، تامامى دوست ـ يارىمنى.

يېتىم ئاجىز رىزا قارى، تىلاۋەتنى قىلىڭ يارى،
سىلەردىن مەن بولۇپ رازى، پانا قىلدىم ھەق بارىمنى.

ۋاپات بولسام مۇسىبەتتە، ئوقۇپ ئاڭلاڭ نەسىھەتتە،
يېزىپ قويدۇم ۋەسىيەتتە، جەمى شېرىن زابانىمنى،

ئەلەملىك مەن بۇدۇنيادا، دىلىمنى سەبرە ئەئلادا،
يېزىپ تەقدىر فەسەمنادا، مېنىڭ بۇنداق بولارىمنى.

ئىمىر ھۇسۇيۇن ئۆلپەت، قەلەم يازدىم دىلىمدىن دەرت،
پەلەكتىن كەلگەن غەم ھەسرەت، يۈرەكتىن ئاھۇ زارىمنى.

## پەرزەندىمگە سالام

ئېزىز پەرزەنتلىرىم ئاڭلاڭ غېرىپلىق بۇ سالامىمنى،
كېچە - كۈندۈزدە ياد ئەتكەن پىغانلىق دەردى ھالىمنى.

گۇناھكارلىق سەۋەپ بىرلە قىلىپمەن ئۇشبۇ ئەھۋالدا.
ئۈمىدىم كوپ مېنىڭ ئەسلەپ، سىلەرنى ئويلىغان ھالدا.

ئوزەمنىڭ دەردى بىر ھەسسە، سىلەرچۈن يەيمەن غەم - غۇسسە،
بايان قىلسام بۇ دەردىمنى بولۇر مىڭ داستانۇ - قىسسە.

يۈرەگىمنى ھەمىشەم سىز ئۈچۈن ھەسرەتتە داغلايمەن،
گۇناھكارلىق ئەسەر قىلغاچ كېچە، تۈنلەردە يىغلايمەن.

ئاناڭ مەرھۇم ھايات بولسا مېنىڭ ھالىمغە يىغلايتتى،
نەھالىڭ بارسېنىڭكى دەپ، غېرىپ باشىمنى سىلايتتى.

بىلىڭ پەرزەنتلىرىم سىزگە دۇئا بىرلە دىلىم يادىم،
تەلەپلىك ئىلتىجا بىرلە خۇداغە يەتسە پەريادىم.

سىلەرنى تاپشۇرۇپ قويدۇم ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمغە،
تامام دوست ئەقرىبايىمنى ياراتقان ھەق بارىمغە.

سالام يازدىم بالام سىزگە، جاۋابىمنى سويۇتماڭلار،
ئوقۇغاندا سالامىمنى دۇئا بىرلە ئۇنۇتماڭلار.

سالامىنى ۋەتەن ئەھلى بۇرادەرلەرگە سەن يەتكۈز،
جاۋابىغا تەقەززا بوپ، قاراپ يەغلايدۇ ئۇرسىز كوز.

بېشىمغا كەلدى بۇ ھالەت غېرىپلىق ئۇشبۇ دەۋراندا،
جۇدالىقتا پەرىشانمەن دىلىم غۇربەتتە ۋەيراندا.

ۋاپاتىم بولسا ئالدىڭدا دىگەن مەقسەتتە مەن غەم يەپ،
كېلىپ ھالىمنى سور پەرزەنت دۇئا گۈيىڭنى سەن ئىزدەپ.

ھايات ئىنسانغا دۇنيادا جۇدالىقتىن يامان ئىش يوق،
جۇدالىق كەلسە ھەر كىمگە ئېنى يوقلارغە ھېچ كىشى يوق.

جۇدالىقتا غېرىپلارنى كىمى يوقلار كېلىپ ئىستە،
غېرىپ كوڭلىنى شاد قىلغاي بالام ھالىنى سورىغان دەپ.

جۇدالىق دەردى ھەرچاغ بىلۇر ۋەيرانە بولغانلار،
يېتەر كىم دەردى ھالىغە، يېتىم، بىچارە بولغانلار.

## غۇربەت ناۋاسى

كەل ئى دىلبەر تاماشا قىل بۇزۇلغان خانىمانىمنى،
پەلەك غەۋغاسىدىن قونغان يۈزۈمدە چاك تۇمانىمنى؛

غېرىپلىق غۇربىتىمدە باش — ئاياغىمغە نەزەر سالساڭ،
گۇناھكارلىق ئاسارەتتە ياماق سالغان چاپانىمنى.

ئەزەلدىن تالىيىم كاجدۇر، رەقىپتىن قۇتۇلالمايمەن،
ماكانىمدىن جۇدا بولغان مۇساپىرلىق زامانىمنى.

جۇدا بولدۇم رەپىقەم ھەم پۈتۈن ئەلاۋدى پەرزەنتتىن،
بېرىپ سوزلەشكە باغلانغان مېنىڭ بۇ تىل زابانىمنى.

كورۈپ ئوتكەن جاپالىرىم پىشانەمگە يېزىلغانكەن،
بۇ كوكرەكتىكى ئوتتىن كور ئۇ كويگەن ئۇستىخانىمنى.

يۈرەك باغرىمدا ھەسرەت كوپ، ھەمىشە ئۆيلۈنادۇرمەن،
كېچە تۈنلەردە ئۇيقۇم يوق سېغىندىم مەن ماكانىمنى.

ۋەتەن ئەھلى قېرىنداشىم، ئاقار كوزدىن بۇلاق ياشىم،
كورۈشمەككە بولۇپ تەشنا ۋەتەن دوست ئاشنايىمنى.

يېتىپ ئومرۇم ئاخىرلاشقان، قاماقتا مەن غېرىپلاشقان،
ھۇجۇدۇم تەن زەئىپلاشقان بۇ ھەسرەت ئارمانىمنى.

ۋەتەن ئەۋلادى مىللەت مەن ياشاپ ئەتكەن بۇ تۇپراقتا،
ۋەتەندە دەرت - ئەلەم كورسەم شەرەپ دەپ تونىغانىمنى.

ئاتىم مىر ھۇسەيىن ھەرئان، يانا كوكرەكتە ئوت چەندان،
سۇنۇق قەلبىمدە پاك ۋىجدان، بىلگىل بۇ نىشانىمنى.

ئىشەنجىم ھەققە كامىلدۇر، ئەزەل مەن تونۇپ يەتكەندۇر،
ئەلەم، كۈلپەت، مالامەتكە سەبر ئەتكەن بۇ ئىمانىمنى.

## پارچە

كىم قوساقنىڭ بەندىسى يۈرسە ھاياتى قارنى توق،
قوي گوشى بىرلە ئىشەكنىڭ گۆشىن ئېتىشقا پەرقى يوق.
قاغىلارغا ئۇچرىسا ئالتۇن تاۋاقتا قىمن - گېزەك،
پەرقى يوقتۇر قاغىلارغا قىغدا تۇرغان تولۇق تېزەك.
ھەر ئىشەككە يۈكلىسە ئىلمي كىتاپنى قانچىدىن،
پەرقى يوقتۇر ئۇ ئىشەككە قاپتا ئارتقان كەندىدىن.

× × ×

قەدرى بىلمەس ئادىمىنىڭ قولىدىن ئىچكۈنچە مەي،
ئىشت يالاقىغا قۇيۇلغان قىپقىزىل قان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس ئادىمىنىڭ گۈل چىمەنلىك باغىدىن،
دەشت باياۋان، كەڭ دالا، جاڭگال، مەيدان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس كىبرى مەغرۇرلۇق تەمەننا ئەھلىدىن،
بىر ۋاپادار ئىشت بىلەن ئۆلپەتكە ھايۋان ياخشىراق.
شەخسىيەت، نەپسانىيەتلىك ئىلىم بىلگەن زاتلىدىن،
بولسا كەمتەر كىبىرسىز ئەخلاقتا نادان ياخشىراق.

www.uyghurkitap.com

× × ×

هەر كوڭۈلنىڭ دىلغە دىلبەر تاللاپ سويگەن يارى بار،
تاۋغا چۈشكەن خام قاپاقنىڭ ئۆزگە چۈشلۈك ھالى بار.

× × ×

ئەگەر قىلسا دۈشمەن تاۋازۇ ساڭا،
دىمە ئاقىل ئۇلساڭ ئۇنى بولدۇ دوست.
ھەمىشە يىلان بىر تەبىئەتلىكتۇر،
ئۇنىڭ زەھەر تاشلىغىنى بىللە پوست.
خۇشامەت بىرلە مىكرىدە دام قويار.
ئەگەر تاپسا پۇرسەت چاقار سېنى چۇست.
قارا، ئاق، سېرىق، كوك، ھەممىسى يىلان،
يىلانلىق پەرقى يوق، ئەمەس زەھەرى سوست.

× × ×

ئازات ئۇچقان قۇغۇنەك، يېتىم بولسا ئاتادىن،
ھەم غاز ئالۇر ھەم ئۇدەك. ئۇنىڭ ئىتى يېتىمەك.
بەنتكە چۈشكەن بوز لاچىن، گۈللۈك ئىچرە بوي ئالغان،
قۇچقاچ ئالماس نە پاختەك، فىل ـ فىل ئۇچقان ئۇچارلىق،
ئاتا ـ ئانا بارىدا، غازاڭ بولسا بىر چەچەك،
غەمسىز ئوتكەن ياش بالا، كورۇنمىدى كېپىنەك.

مۇرەببە

بىر نەسىھەت ئەيتىمەن دوستۇم مۇنى يادىڭغا ئال،
بۇ نەسىھەتكە ئەمەل قىلساڭ ھاياتىڭ بىمالال.
بۇ نەسىھەتتىن ساڭا كوپ مەنپەئەت قىلساڭ خىيال،
ئىككى خىل خىسلەتنى بىلسەڭ قەدىرلىك سەن بەركامال.

ئى ئوغۇل سەن بول جاھاندا ئىلىملىك ھەم كەسىپلىك،
بى تەمە بولغىل يەنە، بولمىغىل سەن نەپسىلىك.
ئىلىمسىز ھەم كەسىپسىز ئوتكەن ھايات بىر نەسچىلىك،
كىمكى ئىلمى كەسىپلىكتۇر ھىچ قاچان بولماس زاۋال.

ئىلىمدۇر ئىنسانغا مەشئەل، نۇر چىراغدۇر بىل مۇنى،
كەسىپدۇر تۇرمۇشقا راھەت بىر ياراغ ئەيتسام ئۇنى.
ئىلىم بىرلە كەسىپ قىلغان خار بولماس ھېچ كۈنى،
بىر قولۇڭغا ئىلىم ئالغىل، بىر قولۇڭغا كەسىپ قۇرال.

ھەق بىلەن ناھەقنى بىلدۈرگەن ساڭا بۇ ئىلىمدۇر،
ھەم ھۈنەر، كەسىپىڭگە رەۋنەق ئەيلىگەن بۇ ئىلىمدۇر.
ياخشى ئەخلاقتىن ساۋاق بەرگەن ساڭا بۇ ئىلىمدۇر،
ئىلىم بىرلە مەشغۇللۇنۇپ، كەسىپكە قىلغىل بىر ئامال.

ئىلىم بىرلە كەسىپدىن ئاسماندا ئۇچتى كۆك تۇمۇر،
ئىلىم بىرلە كەسىپدىن خاكدىن چىقتى تاش كۆمۈر.
ئىلىم بىرلە كەسىپدىن پابرىك، زاۋۇت چۈرگىلۇر،
كەسىپلىك ئەمگەك قىلىپسەن پۇل تېپىپ سومكاڭغا سال.

ئىلىم بىرلە كەسىپدىن دەريادا پارخوت، كېمىلەر،
كەسپى ئەمگەكلەر بىلەن دۇنيادا ھەرخىل نېمىلەر.
كەسپى ئەمگەكلەر بىلەن مەئۋادا تۈرلۈك مېۋىلەر،
كەسىپدە ئەمگەك قىلىپ يىگەن چىنىڭ بەرھەق ھالال.

ئىلىم بىرلە كەسىپدىن زاۋۇتتا ھەرخىل رەختلىنى،
ئىشلىگەن ئەمگەك قىلىپ، كۆزلەپ ئىنسانلار بەختىنى،
كەسپى، ئەمگەك ئۇل ياراتتى خىلمۇ - خىل دەرەخلىنى،
ھەر زاماندا كەسپى ئەۋزەل ئى ئوغۇل بىلسەڭ بۇ ھال.

كەسىپلىك ئەمگەك بىلەن يەردىن ئۈنۈپ ھەرخىل زىرات،
ئاش بىلەن ئوتەر جاھاندا بۇ تىرىكچىلىك ھايات.
ئىلىم بىرلە كەسىپدىن سايمان، تىراكتور تەسرات،
كەسىپدىن سەن بەھرىلەنگىن تەندە بولسا بىر ماجال.

كەسىپسىزلىكتىن چىقار ئىنسانغە ھەرخىل خارلىق،
كەسىپسىزلىك كەلتۈرەر ئىنسانغە ئاپەت، زارلىق.
كەسىپسىزلىكتىن بولۇپ مۇھتاج غېرىپ بىچارىلىق،
ئاڭلىدىڭ بۇ سۆزنى دوستۇم ئەمگەكىڭدىن بەھرى ئال.

كەسپى ئەمگەكتىن ئۇلاپ گۈل ئەتىردۇر جىغانلىرى،
كەسىپدىن تىنغ بولدى داشقال ئۆرۈلۈپ بازغانلىرى،

كەسپىدىن تاۋلاندى مەدەن ئەڭگەكچى تاغ قازغانلىرى،
كەسپىدىن شۆھرەتلىنىپ ئالەمدە ماۋجۇت مىلق قانال.

كەسپسىزلىكتىن ئىزىپ بولغان قاراقچى، ئوغۇرلۇق،
كەسپسىزلىكتىن كېلىپ چىققان يالاتچى، دوغۇلۇق،
كەسپسىزلىكتىن بولۇپ قاتىل، بالا بۇ توغرۇلۇق،
كەسپسىز بولماي جاھاندا ئەھلى كاسىپ سەن سانال،

كەسپسىزلىكتىن قەلەندەر دەربەدەر دىۋانىلەر،
كەسپسىزلىكتىن بولۇپ چەككەن نىشە ۋەيرانىلەر.
كەسپسىزلىكتىن سارالىڭ كوتى ئوچوق ھەيرانىلەر،
كەسپلىك بول سەن جاھاندا ئى ئوغۇل ھەم بىمالال.

كەسپسىزلىكتىن كېلىپ چىققان يامان شۇم پاھىشى،
كەسپسىزلىكتىن كېلىپ چىققان قالاقلىق خاھىشى.
كەسپسىزلىكتىن خاراپ ھالەتتە بولغان ھەركىشى،
كەسپسىز دۇنيادا راھەت كورمىگىڭدۇر خام - خىيال.

كەسپسىزلىكتىن تەمە قىلغان كورۈك ئالدامچىلار،
كەسپسىزلىكتىن كېسىپ يانچۇقنى ياش يالغانچىلار.
كەسپسىزلىكتىن بولۇپ خاتۇن ئىپپەت ساتقۇنچىلار،
كەسپسىزلىكتىن ئايال ئوغۇرلىدى دۇكاندا مال.

كەسپسىزلىكتىن قىلىپ يانچۇقچىلىق يىگەن تاياق،
كەسپسىزلىكتىن قىمار ئويناش بىلەن ئىچكەن ھاراق.
كەسپسىزلىكتىن جىدەل - ماجرا بىلەن كىرگەن قاماق،
كەسپسىز قىلما بالاڭنى، قىلما سەن ياشقا ۋابال.

كەسپسىزلىكتىن يامان ئوغۇرلىدى گوردىن كېپەن،
كەسپسىزلىكتىن سىتىپ ۋىجدان يوقاتقان يۈز تۇۋەن.
بۇ كېپەن دۇز ئوغرىلارغا خەلق لەئنەت مىلق تۈمەن،
كەسپسىزلىكتىن ئوغۇرلاپ پوق بىلەن تويغۇزدى گال.

كەسپسىزلىكتىن بولۇپ مەنمەن دىگەن كوپ نوچىلار،
ئاخىرى بولدى گاداي يۈردى تىلەپ ھەر كوچىلار.
كەسپسىزلىكتىن بۇزۇلغان بىساقال ياش بەچچىلار،
كەسپسىزلىكتىن بولۇپ ھەرخىل بالا خارلىقتا ھال.

كەسىپسىزلىكتىن يامان ئىش يوق جاھاندا ھەر قاچان،
كىم ھۈنەرۋەن ئەھلى كاسىپ خار، بولماس ھېچ قاچان.
كىمكى كاسىپ دۇر قانائەت بىرلە ئوخشاش ھەر جاھان،
ئەھلى كاسىپنىڭ چىرايى نۇرغا تولغان ئاي جامال.

كەسىپى ئۆگەن ئى يىگىت - قىز، ياشلىغىڭ بولـۇن باھار،
كەسىپلىك بولساڭ جاھاندا ھېچ ۋەقت بولمايسەن خار.
كەسىپكە قىلساڭ قانائەت ھەممە ئىنسان ساڭا يار،
كەسىپكە ئەرەيلىدى قۇرئاندا ئاللا زۇلجالال.

كىمكى ئاقىل بولسا ھەركىم كەسىپنى ئىستەپ ئاختىرۇر،
ياش يىگىتكە ئەيىپ ئەممەستۇر قايسى كەسىپنى ياختىرۇر.
مەيلى دوختۇر ياكى شوپۇر ياكى زاۋۇت رەخ توقۇر،
كەسىپمىنىڭ ئەلاسى شۇكى، تاپقان ئىشلەپ بەر كامال.

كەسىپلىك بول ئى ئوغۇل كەسىپكىدە ماۋجۇت نان - ئاش،
مەيلى نانۋاي، مەيلى ئاشپەز، مەيلى باپكار، سەتىراچ.
مەيلى بولغىل سەن تۇماقچى، ياكى موزدۇز، تاش تاراش،
مەيلى بولغىل سەن كومۇرچى، يا ياغاچچى تىماغىل شال.

مەيلى بولغىل سەن تاۋاقچى، يا توقاچى، سىر چىمۇ،
يا جۇۋازچى، يا چىدىرچى، ياكى ئەينەك، سازچىمۇ،
مەيلى بولغىل بورىچى، يا دورىچى، يا تىبىرچىمۇ،
مەيلى خىشچى، مەيلى چىنىچى، ياكى قاق ئوتەككە نال.

مەيلى بولغىل سەن يىپەكچى، ياكپەكچى، سىركىچى،
مەيلى لەڭفۇچى، زۇماتاكچى بىلەن مەروژنىچى،
مەيلى سەن گۈگۈتچى بولغىل، ياكى بول موخۇركىچى،
مەيلى سەيچى، مەيلى زىيچى، ياكى قىل تەشتەك ساپال.

مەيلى گۈنچى، تاسمىچى، مەيلى شەپكە، ساغرىچى،
مەيلى بولغىل سەن تاغارچى، تارىچى، يا ئاتقۇچى.
مەيلى غەلۋىر، مەيلى ئەگلەك بىللە ئارقان، نوختىچى،
كەسىپنىڭ ھېچ ئەيىپى يوقتۇر قايسى ئەر بولسا ئايال.

مەيلى بولغىل سەن قاداقچى، يا بوياقچى، دوپپىچى،
مەيلى سەيپۇڭ، قامچىچى، ياكى كىگىزچى، يىڭنىچى،
مەيلى جىڭچى، يا قۇلۇپچى، ياكى داڭقان قۇيغۇچى،
مەيلى بولغىل سەن پىچاقچى، ئىش قىلىپ كاسىپ سانال.

www.uyghurkitap.com

مەيلى بولغىل يا قوشۇقچى، تەگىنە، چوچەك قىرغۇچى،
مەيلى ژىكچى، ياكى چىغرىق، مەيلى قاسقان ئەتكۈچى.
مەيلى دۇتار يا راۋاپ، تاغاتچى بىرلە ئارىچى،
مەيلى سەن سازچى بولۇپ سەنئەت بىلەن نەغمەڭنى چال.

مەيلى بولغىل ئۈيىمچى، مەش، چىلەك، يا سەتكىچى،
مەيلى مىسكەر، مەيلى زەگەر، ياكى سائەت تۈزۈگۈچى.
مەيلى بولغىل شام، سوپۇنچى، ياكى بولغىل تۇگەمچى،
ئىش قىلىپ كەسپىڭ بىلەن سەن كۆپچىلىكتىن رەھمەت ئال.

مەيلى كانچى، مىس، تومۇر، ئالتۇن، كۈمۈشنى قازغۇچى،
مەيلى قەنچىلىك، پاتاسى، ھەرخىل مىرەببا ئەتكۈچى.
مەيلى ئىگەرچى بىرلە سەرراج ياكى نوختا تىككۈچى،
مەيلى سەگەز، مەيلى چوتا، مەيلى مەشۇت ـ ئەدىيال.

مەيلى جۇۋاز، سوقا ـ تۇگمەنچىمۇ، نوكەش، كويلىچى،
مەيلى لىگگىرچاقچى، لوكچى، يا قىلىپچى، كۆلىچى.
مەيلى بولغىل سەن بوشۇكچى، يا سۇرەتچى، چويلىچى،
مەيلى خۇمدان، كەسپى ئۇبدان، مەيلى بولغىل سەن كۇلال.

مەيلى تامچى، ياكى خامچى، مەيلى ھاكچى، داكچى،
مەيلى ئاچچىقسۇچى يا، غىلاپچى، دەپتەر تىككۈچى.
مەيلى شايى بەقسەم، زىناچا نەقىش توقۇغۇچى،
كەسپى قىلماي ئۆتسە ئۆمرۈڭ پەس، تەمەخور ئابدال.

مىرھۇسەيىن ياشلىغىڭدا بىرئاز ئىلىم بىلگەن ئىدىڭ،
بۇ ئىلىمگە مەغرۇرلىنىپ بىر كەسىپنىمۇ ئۆگەنمىدىڭ.
سەن قىرىپ غۇربەتتە كەسپىڭ يوق بولۇپ پۇشمان يىدىڭ،
ئەمدى سەن ئەۋلادلىرىڭغا كەسپ ئۆگىتىپ ئۆتكۈز خۇشال.

### مۇخەممەس ①

خۇداۋەندازاتىڭ ئۇلۇق پاكى ھەي، ②
ئۆزۈڭ يارى بەرگىل بۇ تارىخنى دەي.

---

① بۇ ئەسەردە مۇخەممەس شەكلىدە يېزىلغان شېئىر بولمىسۇ، ئەمما ئەسلى كۆپىيىسى يوقاپ كەتكەن. مەرھۇم يادىدا قالغىنى بويىچە ئۈنئالغۇغا خاتىرىلەپ بەرگىنى ئۈچۈن كوپ كۇپلىتلارىنىڭ بىردىن مىسراسى كەم بولۇپ قالغان. بىز ئۇنى ئەسلىسىگە سادىق بولۇش ئاساسىدا ئەينى بويىچە باستۇق.

② مەرھۇم بۇ مەدداھنىڭ ۋەزىن ۋە تۇر جەھەتتىن مەزكۇر مۇخەممەسكە ماس كەلمىسىمۇ، ئەمما مۇشۇ مۇخەممەسنىڭ باش قىسمىدا ئوقۇپ خاتىرىلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇنىمۇ ئۆز ئەينى ئالدۇق (نەشر تەييارلىغۇچىدىن).

كىنەزلەر بىلەن بۇ ئەل ھالىنى،
بايان ئەيلىمەككە ھەسرەت تالىنى.
كىمكى خەلققە ئىلادى ئورۇنسىز زۇلۇم،
ئۇنىڭا رازى بولماي ئىلار ئەل مۇجۇم.

× × ×

ئوتمۇشتە بۇ شىنجاڭغا شەن دوتەي ئىكەن مانجۇ،
ماكازا، تاۋا، توكۇ، كەيگەنلەرى ساپ پاڭچۇ.
راھەتتە ياتار ئۇخلاپ يۇخراغا كوتەرتىپ جۇ،
ئارتىمدىن ھاقارەتلەپ «سىڭكۇ» بىلەن دەپ «چانتۇ»،
داتاڭغا تاداپ تويغان نەيزە، ئىلامچ ھەم چەيدۇ.

دۇمباقنى چېلىپ تارتىپ كاناي بىلەن يول ماڭسا،
داسەن كوتىرىپ بەنشالڭ غەۋغا بىلەن ماباڭزا.
يۇتمنى ئۇرۇبان «دا» دەپ ئاغزىدا ئۇزۇن غاڭزا،
باشىغا كىيىپ ئالغان ماجان ئوتمغاچ چوكسا،
مەنسەپكە بولۇپ مەغرۇر ئالتۇن بىلەن پۇل تاپسا.

بۇ ھال بىلەن يۇتراغا بىر زەررە تەرەققى يوق،
خەلق ھالى زەبۇن تۇرسا گاڭپەننى يىگەن خوپ توق.
ئىلغان زۇڭبەن، چىڭبەنلەر يۇتراغا تەكەببۇرلۇق،
بۇ دەۋردە ئىنسانغا ھىچ بولمىدى بىر خوشلۇق،
ھايۋانچە ھوقۇق بەرمەي يۇقرانى تۇتۇپ قۇللۇق.

جازانە بىلەن باغلاپ خەلق مالىنى ئالغانلار،
دەشاڭدا ئىمار ئويناپ مۇشلۇشۇپ توكۇپ قانلار.
نىشە، ئەپيۇن غولداپ خەلق بولدى يېرىم جانلار،
خاڭدى يىرى دەپ خەلقنىڭ ئوز ھەقىنى ساتقانلار
پارا بىلەن رىشۋەدىن ھەق ھىنوز بولدى يالغانلار.

كوچىدا يېتىم باللار ئورناپ يۇزىگە توپراق،
قىش كۇنىدە چاۋا تەيگەن كومبەزدە قالاپ ياپراق.
ھەريەردە سارالڭ غولداپ ئەما، چولاق ھەم ئاتساق،
بازاردا تىلەر دائىم ساپايى چېلىپ جالداق،
يۇقرا بىلەن كارى يوق خەلق ئولسە مەگەر پاتراق.

بەگگە بوزكەشلەرنىڭ جۇۋالىرى ھەرياقتا،
ھوشۇق بىلەن لىق تولغان يانچىسىدىكى چەندازا.
ئات، نەيزىنى ئۇتتۇرغان جابدۇق بىلەن لەندازا،
قىمارغا گورە قويغان ئىشتان بىلەن كەنجازا.

مەكتەپ ئوتتۇش پەرزە، ئالۋاڭ بالا دېشاڭغا،
يۇرت خەلقى تولەپ پۇلنى تاپشۇردى ئۇنى شوتاڭغا
ياش باللار بىلەلمەي دەرس، تاپقان يېرى شوپاڭغا.
ئويناشقا تۈزۈك لاۋسى دۇدۇزىنى شىپاڭغا،
ئاشپەزگە تىلەپ بۇيرۇق نىمتاك بىلەن خوشاڭغا.

كەشاڭدا تورەكەشنىڭ مەي ـ مەيچىسى ئويۇزا،
كولەختە ياتار كۆلدە مىڭلاپ يەنە ئەرلوزا.
قىرى چۇرىلەر ئويىسز، ۋەيرانىدۇر بەندۇزا،
تومەت بىلەن جان باققان ئۇشتۇق مۇتەھەم ئىزا.

ياموُل ئىچى لىق تولغان دەۋا تولىسى ئىمگىنەن،
زەنجىر بىلەن باغلانغان جوبىدا قاتار شوكپەن.
لىيەگساڭدا خىيانەت كوپ خەيالى قىلىدۇ زوكبەن،
پۇل بەرسە سورىمايدۇ يونازا بىلەن ئاق شاڭمەن.

ئۇ دەۋردە نىممەتلىك ئالى قاتناش تەيپىنجا،
تەيپىنجاغا چىقار مەخسۇس دارىن بىلەن ئورىنجا.
يول ئەگرى كاتاڭ دوقمۇش، ئازگالدا ماڭار داجا،
يۈدەنزىدە بارچاڭداۋ ئادەم سويىدۇ دەڭجا.

ئولكىگە رىياسەتتە مەنسەپ ساتىدۇ پەنتەي،
ئالتۇن بىلەن تىللاغا مەنسەپ ئالىدۇ دوتەي.
خەلق ئولتۇرىدۇ جاللات قولىدا قىلىچ تىتەي،
كاھ مەنزىلىمدە جىرۇ يەپ دۇمباق چالىدۇ، شەتەي.

تىتەي چورىدى ھەر يۇرتتا ئالۋاڭ بىلەن مىڭ تۈگمەن،
تۈگمەنگە قىل ئەمگەك دەپ ھاشا سالىدۇ شەنكەن.
ئالۋاڭغا توشۇپ خەلقلەر تۈگمەن تېشىنى يۈتكەن،
تاشلارنى يۈدۈپ قاردا مىڭ يولنى بېسىپ ئۆتكەن.

جازانە چىچىپ جاۋلىيالڭ، ئۇز نەپسى ئۈچۈن جاڭجۇڭ،
ئىشلەمچى ئىناۋەتسىز دوتەيگە كىبرەك شاڭجۇڭ.

ئامبالغا بېرىپ ئالتۇن باجنى ئالدۇ ئوزۇلۇق،
بەگلەر بېگى بوجاڭغا موقۇق بېرىدۇ ئوزۇلۇق.

خەلقىملىق بېشىغا دىننىڭ ھەر يۇرتتا بالا خانتۇ،
ئاش بەرمىسە يوقسۇللار خانتۇ تۇرىدۇ يانتۇ.
دائىم توشۇغان خەلقلەر بۇنىڭغا پوۋاز مانتۇ،
ئامبالغا بېرىپ چاقتان پالانى يامان دېچانتۇ.

ئەژنەبى كېلىپ چەتتىن سۇنار ئالتۇن تۇتقاشقا،
بارماق ئۇچۇن رۇخسەت دەپ جازانە كۈن دېشاڭغا.
جازانىخور پايدىكەش قانىنى شورار لوشاڭغا،
ئەرز قىلسا جازانىخور بۇيرۇق تۇرار بەدشاڭغا.

كولدۇرما ئېسىپ ئاتقا بەگلەردە تەكەبىۇرلۇق،
ھەر يۇرتتا ئوسۇپ چىققان يۇرت چوڭىدا بالاخورلۇق.
ئوغرىنى سېلىپ ئىشقا پاششاپ بەك تەپەككۇرلۇق،
باشىدا يوغان سەللە قازىدا تاماخورلۇق.

خەلقلەر قالاق تۇرمۇشتا ھېچبىرمۇ سىيانەت يوق،
يوللاردا بۇلاڭچى كوپ قاتناشتا سالامەت يوق.
تۇرسىمۇ پاتمان زېمىنى دېجۇدا قانائەت يوق،
ھېچ ۋاقتىدا يوقسۇلغا بىر زەررە ھالاۋەت يوق.

ھەرجايدا ئەل بەك ئېھتىياج ياقىنى سەرەڭگە يوق،
مىنسە ئېشەككە ئول غېرىپ سالغىنى ئۇزەڭگە يوق.
ئىشلەتكىنى لازىم بولوپ بازارغا چىقسا رەزەڭگە يوق
ساپال پوراچ، چوچەك تاۋاق ئالغىنى تەلەڭگە يوق.

ھەر ئۆيدە ئىسلىق موردا تۇرغان ساپال قاپساق چىراق،
قاسماق چىراقنى ياققىلى يوتتۇر ئاڭا تۆيماتقا ياغ.
يەگەن تاماق قاراڭغۇدا، يىللار بويى ھەرنايىنى چاغ،
تارىخ بويى ھەرخىل كېسەل خەلق باغرىدا بوپ قالدى داغ.

ئاز ساندىكى بايلار كىيەر دۇردۇن بىلەن ھەرخىل تاۋا،
مىليون ۋەتەن ئىنسانلىرى كەيگەن يىرىك ئاق خام مانا.
ئالى كىيىم ئۇ دەۋرىدە چوتا، كىتەكچى، شاتاۋا،
ھەر ھەپتىدە ئون ئۈزكۈرەر بازار ئىچىدە مال باھا.

www.uyghurkitap.com

يىل بويى قۇرغاقچىلىقتىن قانچە يۇرت بولغان خاراپ،
جان باقالماي نەچچە يۈزمىڭ ئەل چىقىپ كەتكەن تاراپ.
يۇرتتا سۇ يوق ياركېتىپ يەرلەر تۇرغان قاغجىراپ
مۇستەبىتلەر خەلقى ۋەيران بولسا تۇرغان جىم قاراپ.

ئىرىدىيالماي كەمبەغەل كەتمەن ئاپالماي يەرنى،
كۈن بويى ئالۋاڭغا ساتقان كورپە، يوتقان بېرىنى.
تاپقان ئاشنى ساڭغا توككەن باللا يەيدۇ چېرىنى،
دوغا تۇزغان قامچا بىلەن ئەر - ئايال، ياش - قېرىنى.

مۇستەبىت ئۇكتەملىكىنىڭ يېرىگە ئۆستەڭ ئاقتى سۇ،
كەمبەغەللەر سۇ تۇتالماي يېرى ئايىنىپ بولدى شو.
سۇ پەقەت مىراپقا خاس دەپ قازى، ئەلەم باشتى مو،
قايسى باي يامۇلغا كەلسە دەيدۇ ئامبال «خوما - خو»؟

نەچچە يۈزمىڭ چول باياۋان سۇغا موھتاج بولدى ساي،
كەمبەغەل يانتاقنى چاپسا باشقا كالتەك ئۇردى باي.
تۇرسا مۇنداق چول باياۋان مۇستەبىتلەر قارىماي،
بىر قوچاق قومۇش ئالالماس ئوت ئۈچۈن ھېچبىر گاداي.

ھەسرەتۇ غۇربەتتە خەلق دەرتمەن بولۇپ سەرسانىدا،
يۇرت خاراپ تارقاق ماكان تۇرغان بۇ ئەل ۋەيرانىدا.
ئالۋاڭ سىياق سانسىز چېقىل زالىملىنىڭ پەرمانىدا،
ئەل كورمىگەن مۇنداق زامان ئۆتكەن بۇرۇن دەۋرانىدا.

چول باياۋان بولدى گۈلزار تەدرىجى نۇۋەت بىلەن،
ئىشامىيۇر ئەمگەكچىلەر ناخشا سادا غەيرەت بىلەن.
سوتسىيالىستىك زامان جۇڭگودا زور ھىممەت بىلەن،
بۇ پەقەت پارتىيىگە مەنسۇپ تارىخ يۈزى زىننەت بىلەن.

چولنى گۈلزار ئەيلىمەك بىنام ئىچىش بۇ چوڭ شەرەپ،
قانچە ئىلىك ئەۋلادى مىللەت قوزغىلىپ بىنام تەرەپ.
بۇ شەرەپ بىنام ئىچىش دەۋرىمىز قىلغان تەلەپ،
زوق بىلەن دوڭ تىندۇرۇپ مەردان يىگىتلەر سەپمۇ - سەپ.

بولدى ئەمدى باغۇ - بوستان گۈلمۇ - گۈلزار ئالەملىق،
قاغجىراپ ياتقان بۇرۇنقى ئويمان، دوڭلۇك - چالەملىق.

نەچچە شورلۇق، نەچچە قۇملۇق، پاتمىچۇقلۇق، سالمامىق،
ئەمدى كۆز يەتمەس ئېتىز بوپ قالدى ھەيران قالغىلىق.

بۇ تەرەققى كۆزگە مەختۇر تۇت گۇرۇھ كىمزەندىنىڭ،
بۇ ئۇلۇق جۇڭگوغا لايىق بولمىغان شەرمەندىسىنىڭ.
پادىشا بولماق خىيالىدا ئۇ شۇم پەسەندىنىڭ
ھەققە كۆز يۇمغان قۇرۇق داپ چالغۇچى خەيرەندىنىڭ.

چوڭ گۈزەل خۇش مەنزىرە يۇرتلەر بويى مەيدانىمىز،
ئۆزگىرىش ئىلھام كېلىپ ئىشلەش تەلەپ ۋىجدانىمىز.
چولنى گۈلزار ئەيلىمەك غەيرەت بىلەن مەردانەمىز،
ئىشلىمەككە ھەممە ئىنسان قوزغىلىپ ۋىجدانىمىز.

× × ×

بۇ بۈيۈك شانۇ شەرەپ بولغان ئۇلۇق بايرام بۈگۈن،
بۇ ئۇلۇغ جۇڭگو ئېلى شادى خۇررام بولغان بۈگۈن.
خەلقى تەختى قۇرۇلۇپ خەلق ئىھتىرام قىلغان بۈگۈن،
خۇش مۇبارەك دەپ جاھان خۇش تېلىبكىرام قىلغان بۈگۈن،
قۇتۇلۇپ ۋەھشى ياماندىن خەلق ئارام ئالغان بۈگۈن.

قانچە مىڭ يىلدىن بۇيان جۇڭگودا خەلقنىڭ نالىسى،
ئورۇۋالغان بۇ ۋەتەننى زۇلمەت، ئوتەكىنىڭ سايىسى.
بۇ ۋەتەن ئەۋلادى مىللەت چىن تىلەك بىل غايىسى
نۇر چېچىپ جۇڭگوغا ماۋجۇشى بولۇش خەلق داھىسى،
بۇ تىلەك دۇنياغا چوڭ ئىلھام سادا قىلغان بۈگۈن.

نەچچە مىڭ يوقسۇل غېرىپ غۇربەتتە ياتقان ئېزىلىپ،
نەچچە ئۇن قان شورىغۇچى ھورمەتتە تۇرغان تىزىلىپ.
قانچە مىڭلاپ ياش گۇدەك ئاچلىقتا يۈرگەن كېزىرىپ،
مۇستەبىت زالىمنىڭ يادىغا كەلمەس سىزىلىپ،
بۇ قارا زۇلمەت كېتىپ نۇرلۇق زامان بولغان بۈگۈن.

نەچچە يۈز مىڭلاپ كېسەل خارلىقتا ئۆلگەن دارى يوق،
بىرمۇ دوختۇر يوق ئىلاج ئۆلمەكتىن ئۆزگە چارە يوق.
كوچىلاردا كور گادايى، ئاقساق، چولاق مادارى يوق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەكسىيەتچى مۇستەبىت زالىملىنىڭ ھېچ كارى يوق،
بۇ قالاق دىيارلار تۈگەپ پارلاق جاھان بولغان بۈگۈن.

چەتئەل ئىشپىيونلىرى ھەر يىلدا كېلەر يۈزلەپ،
مەقسەتتە بۇ مىللەتكە ئىغۋا تارقىتىش كۆزلەپ.
ئەتراپتا مېڭىپ يۈرگەن تاغلارنى چېقىپ تۈزلەپ.
خالىدا يۈرۈپ تاپسا نادانغا بۇزۇق سۆزلەپ،
بۇ خىل يامان جاسۇسلارغا يول بەرمىگەن دەۋران بۈگۈن.

چوكۇن بىلەن قازان ساتقان بىچارىلەر ئالۋاڭغا،
بايلارغا سىلىق كەلمەس ئالۋاڭ بىرى سالتاڭغا.
دىجۇ تارتىدۇ ئوغلاق، ئىشلەش تولا گالۋاڭغا،
دات ئېيتقىنى ھەدىيوقتۇر يامۇل بىلەن داتاڭغا،
بۇ خىل زۇلۇم قەتئىي تۈگەپ خەلقچىل زامان بولغان بۈگۈن.

قىش كۈندە غېرىپ باللار كېچىلىرى گوداڭدا،
سوغاقتا توڭاپ ياتقان مازار بىلەن ستاڭدا،
ئىشلەي دىسە ئالمايدۇ ھېچ قايسىبىرمۇ دىشاڭدا.
تۇرمۇشتا بولۇپ ناچار قىزلار تولا زۇتاڭدا،
يامان تۇرمۇش، ئەخلاق تۈگەپ ئىشلىق زاماق بولغان بۈگۈن.

قانچە ۋەتەن ئەۋلاتلىرى كۆلەختە يېتىپ ئۆلگەن،
زەمبىلگە سىلىپ يېتىمەك كېپەن تىلىشىپ يوگىگەن.
ئەھۋالىنى كۆرۈپ زالىم ۋىجدان يوقىتىپ كۈلگەن،
بى رەھمى مۇناپىقلار ئۆز بايلىقىنى بىلگەن،
مۇنداق يامان ئادەت تۈگەپ ئادىل زامان بولغان بۈگۈن.

باردا كىشىلەر ئەرز ئېيتقىلى پايۋەندىگە نەچچە يىغلاپ،
زۇلۇمكا پۇل بارمۇ دەپ تىڭجاڭلار ھېساپ جالاپ.
دەنۋانى ئالۇر بايلار سوتىنىڭ كېلىنى ياغلاپ،
پۇلسىز كىشىلەر قالغان ھەسرەتتە يۈرەك داغلاپ،
مۇنداق زۇلۇم قانۇن كېتىپ ھەقلىق زامان بولغان بۈگۈن.

يۈز مىڭلىغان يوقسۇل يۈرەر بەلگە باغلار بېغى يوق،
ئەۋرەتلىرى ئوچۇق پەقەت ئىشتىنىنىڭ ئېغى يوق.
كوڭلەكلىرى پارە ـ پارە قول سۇنارغا يېڭى يوق،

كەيگەن چاپان جۇلدۇر كىيمەن بىر تەرەپىنىڭ تېگى يوق،
مۇنداق غېرىپ خارلىق تۈگەپ تۈرمۈش گۈزەل بولغان بۈگۈن.

دەۋزەخ سۈپەت بولغان سىسىق زالىملىنىڭ زىندانلىرى،
كۆن نۇرىنى كورمەي ياتۇر زەنجىر بىلەن ئىنسانلىرى.
زەيلىنىڭ قاماق يەر ئاستىدىن قوڭغۇر، قۇرۇت، چايانلىرى،
ھەر كۈندىپاي ئالماقتا پۇل قىيناپ ئۇرۇپ چاققانلىرى،
مۇنداق ياۋۇز يەرتقۇچ تۈگەپ پەننى زامان بولغان بۈگۈن.

چېرىك يوتىلەپ يۈرگەن كۈندە بەش - ئالتە ياڭگاكزا،
ھەر كۈندە چىكەر ئەفيۇن خوتونى بىلەن بەش باكزا.
ھەر كېچە ئوغۇرلۇقتا تاملارنى تېشىپ چاكزا،
يالغۇزدا بۇلاپ ئەلنى تەھدىتلىرى مىڭ ياكزا،
مۇنداق بالا ئاپەت تۈگەپ بەختلىك زامان بولغان بۈگۈن.

پۈخرالارنى ئامالدايدۇ باخشى بىلەن داخانلار،
«سۇپ كوچ» قىلىپ يالغاندىن خەلق مالىنى ئالغانلار.
توسقۇنچى تەرەققىغە مەددا، غوجا، ئىشانلار،
مازارغا قاراپ تۈغنى گوللايدۇ بۇ شەيتانلار.
مۇنداق قاداق ئادەت كېتىپ ئىلمى زامان بولغان بۈگۈن.

ئەل كورمىدى نۇرلۇق زامان ئۆتكەن قالاق دەۋرانىدا،
ھەسرەت بىلەن غۇربەتتە خەلق دەرتمەن بولۇپ ھەيرانىدا.
يۇرتلار خاراپ تارقاق ماكان تۇرغان بۇ ئەل ۋەيرانىدا،
ئالۋاڭ - ياساق، سانسىز چىقىل زالىملىنىڭ پەرمانىدا.
خەلقتىن تىلەك چوڭ ئارزۇ دەۋرى زابان بولغان بۈگۈن.

تىكلىنىپ تېپەنمىگە بەش يۇلتۇزلۇق بايراق دەل ئۆزى،
تونۇلدى ئالەمگە ھەيۋەت بۇ يېڭى خەلق مەركىزى.
ئەيلىدى دولەت ئۈچۈن جاننى پىدا ئەل ئوغۇل - قىزى،
كۈچلۈنۈپ قۇدرەتكە تولدى بۇ ۋەتەن چىلىق يىلتىزى
مۇنداق ئۇلۇق چوڭ تەنتەنە نۇسرەت تولۇق قىلغان بۈگۈن.

بۇ ئۇلۇق خەلق تەختى مەڭگۈ خەلق ئۈچۈن چوڭ بىر سىنەد،
ئەكسىيەتچى قاي جاھانگىر قول ئۇزاتماققا نەھەد.
ئىچكى - تاشقى مۇستەبىتلەر ئاغدۇرالماس تائەبەت،

www.uyghurkitap.com

خەلق مىليون جەڭگە تەييار تۇرسا مۇنداق بىشەدەت،
قەھرىمان خەلق دۆلىتى قەھرىمانلاشقان بۈگۈن.

## لۇغەت

مۇئەتتەر ــ پۇراقلىق
مەئەلا ــ دوكتۇر، كاتتا ئۆلىما
ھايىل ــ توساق، ئەنسىدە
كاكۇلىن مىشكى ــ ئىپاردەك پۇراقلىق سىكىلەك چاچ
شەپ ــ كېچە
زۇلىپ ــ چاچ، چىكە چاچ
گۈلگۈن ــ قىزىل
مۇنتەزىر ــ ئىنتىزار
زوھرا ــ يۇلتۇزنىڭ ئىسمى
بەيتىل ھەزەن ــ غەم ئۆيى
مۇسەننىپ ــ ئاپتور، يازغۇچى
مۇئەللىپ ــ ئاپتور، يازغۇچى
تەلئەت ــ يۈز، چىراي
لىباس ــ كىيىم - كېچەك
پاسىبان ــ قوغدىغۇچى
مەيۇپ ــ مېيىپ، ناكا
كىنىزلەر ــ بەگلەر
شەن دوتەي ــ ۋالىغا تەڭ ئەمەل
ماگازا ــ كالتە چاپان
توكو ــ ئىشتان
داتالى ــ سوراق يەھنىسى
چەيدۇ ــ قىگراق
سىڭكۇ، چانتۇ ــ ھاقارەت سۆزلىرى
داسەن ــ دوتەي تالاغا چىققاندا كوتىرىپ چىقىدىغان يوملاق تۇغ
بەنشالى ــ يايى
ماباڭزا ــ كىشىلەرنى ئۇرىدىغان كالتەك
«دا» ــ خەنزۇچە سۆز بولۇپ «ئۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ
ماجاڭ ئوتىغاچ چۇڭزا ــ باش كىيىمى، تاج
زۇڭبەن ــ بەگلەر بېگى
چىڭبەن ــ بازار بېگى
دەشالى ــ تاۋكا، قىمارخانا

خاڭدى يېرى— خانغا قاراشلىق يەر
رىشۋە— پارا.
بەندى بوزىكەش — بوزىغا بىرلاپ كەتكەن كىشىلەر
چەندازا —مىس كومۇش پول سالىدىغان خالتا
لەندازا— هارۋىغا قاتىدىغان ئات كابدۇقى
كەنجازا — يەڭسىز پاختىلىق جىلىتكە
گەشالڭ—بازار
دىشالڭ— يېزا، سەھرا.
شوتالڭ— مەكتەپ، دەرسخانا.
شوپالڭ — قاۋاقخانا
لاۋسى —مۇئەللىم
دۇدۇزە— قىمار ئوينايدىغان قەرت
شىپالڭ — هاۋالىنىدىغان جاي
فىنتالڭ— خوشالڭ— تاماق تۈرلىرى.
مەي— مەيچى— سودىگەر، تىجارەتچى
لوپوزا— قىرى خوتۇن
ئەرلوزا—لۈكچەك
بەندۇزا— سارالڭ، ئەقلىدىن ئازغان
مىڭئەن— خەلق داۋا ئەنزىلىرى
جوبى— توساق تام
شۇڭپەن— قاتىل.
لاڭسالڭ— ئاشلىق ئىسكىلاتى.
خەيلى— ئاغدۇرۇش، ۋەيران قىلىش، زىيانداشلىق.
زۇڭبەن—سالڭ باشلىغى
ئاق شاڭمەن— ئاق بۇغداي ئۇنى
فىزا— ئۇششۇق
تەيپىنجا— ئادەم كوتىرىدىغان جوۋ
دارىن — ئۇلۇق، ئىززەتلىك، هەززەتلىرى
لورىنجا— ئاتىمىز، پىشۋا
داجا— كوپچىلىك
يودەنزە— قونالغۇ
چاڭداۋ— بۇلاڭچى
دەڭجا— سارايۋەن
پەنتەي— ئولكە باشلىغى
دوتەي— ۋىلايەت باشلىغى

تىتەي— ھەربىي باشلىق
كاھ— مەنسەپ نامى
جىرۇ— توخو گۆشى
شەتەي— ھەربىي ئەمەل
شەنگەن— ناھىيە باشلىقى
جۇگۇلاڭ— ياردەم ئاشلىقى، ئېھتىيات ئاشلىق
جاڭجۇڭ— گېنېرال
شاڭجۇڭ— ھەدىيە، ئارتۇق بېرىش
لوزۇڭ— باش باجگىر
بوجاڭ— كەنت باشلىقى
خانتۇ— باجگىر
ئەژنىبى— چەتئەللىكلەر
تۇڭشاڭ— كونا ھۆكۈمەتنىڭ خارجى ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىسى
لوشاڭ— پۇخرا
بەنشاڭ— جازانى ئىجرا قىلغۇچى
پاششاپ— كېچىلىك قوغدىغۇچى
دىگۇ— يەر ئىگىسى
ساپال پۇراچ— سىرلىق ساپال تاۋاق
چوچەك تاۋاق— ياغاچنى ئويۇپ ياسىغان تاۋاق، ياكى ئاياق
دوغا— خەۋەرچى، چاپارمەن
مىراپ— سۇ ياتقىلىغۇچى، سۇ باشلىقى
«خوش»مۇ «خوش»؟— ياخشىمەن؟ ياخشى
خەيرەندى— ساقتىپەز، ئالدامچى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم سابىت

## ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرىدىن

### زىرەك

بۇ ئىشنىڭ قاچان، قەيەردە بولغانلىقى نامەلۇم. ئىش قىلىپ بۇرۇنىسىدا بىر خەلپىتىم ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ مەكتەپ ئېچىپ، بالا ئوقۇتۇپتۇ. بالىلار خەلپىتىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ھەر پەشەنبە كۈنى پەيشەنبىلىك تاپشۇرىدىغان بوپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشا ئوڭ قول ۋەزىرىگە:

— مەن تۇرۇپ سوكال موللىغا نىمە كەپتۇ! ھوزۇدەس بېرىپ، خەلپەت نىمە ئېلىپ - نىمە يەپتۇ، بىلىپ كەل! — دەپتۇ.

ۋەزىر قول باغلاپ:

— خوش تەخسىرا! — دەپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ.

بۇ كۈنى پەيشەنبە ئىكەن. ۋەزىر ئەتىگەن بېرىپ ماراپ تۇرۇپتۇ. قارىسا، بالىلار ھوجرىسىغا قەدەم قويۇپلا ئادەتلىرى بويىچە خەلپىتىمگە تازىم قىلىپ سالام بېرىپتۇ، ئاندىن ئېلىپ كەلگەن پەيشەنبىلىكلىرىنى خەلپىتىمنىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ - دە، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ھەپتىيەكلىرىنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ. پەيشەنبىلىكلەر پارچە - پۇرات نان، مېۋە - چېۋە ئىكەن. خەلپىتىم ئاشۇنىڭغا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىكەن. ۋەزىر ئويلىنىپ قايتىپ، پادىشا ھوزۇرىغا كىرىپ:

— ۋاي پادىشاھى ئالەم، ئاڭلىغانلىرى راسكەن، خەلپىتىمنىڭ قولىغى گاسكەن، يېنىدىن ئوتۇپ كەتسەم كۆرمىدى ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

ۋەزىر ئەسلىدە پادىشانى گەپتە ئازدۇرۇپ، پەيشەنبىلىكنى چەتتە قالدۇرۇپ، خەلپەتكە، بالىلارغا خەيرىخالىق قىلىش غەرىزىدە شۇنداق دېگەن ئىكەن. نەدىكىنى، ئەس - يادى بايلىققا بېرىلگەن ئاچ كۆز پادىشا ئاچچىقلاپ چالۋاقاپتۇ:

— راسكەن، گاسكەن، بۇ زادى قانداق گەپ؟! خەلپەت نىمە ئېلىپ - نىمە يەپتۇ؟ نەخنى ئېيتقىنا!

— ھە، ئۇنتۇپتىمەن، توغرا، بالىلار خەلپىتىمگە قول باغلاپ تازىم قىلىدىكەن، يەنە...

— ھەي، خەلپىتىم تازىمنى ئالامدىكەن تېخى؟ مانا - مانا، دېگىنىمدەك بوپتۇ. توختا، مەن ئۆزەم باراي، تازىمنىمۇ قوشۇپ ئالاي.

پادىشا مەپىدە ئولتۇرۇپ يولغا چىقىپتۇ، ۋەزىرلەرگە يول باشلاتقۇزۇپتۇ. مەپە ھوجرىغا يېتىپ بارغاندا، باللار ئۆيلىرىگە كېتىشكەن ئىكەن. پادىشا خەلپىتىمدىن سوراپتۇ:

— باللار بېرىپ كەتكەن تازىم تېخى؟

— بار، ئۇلۇق شاھىم، ھەممىسى بار، مانا بۇنىڭ ئىچىدە،— دەپ كوزىنى كورسىتىپتۇ خەلپەت،— ھەزرەتلىرىگە لازىمى بولسا چىقىرىپ بېرەي.

— قانداق قىلىپ؟

— مانا، مۇنداق دىسىلە سۇلتانى كېرىم،— خەلپەت كوزىنى چىمدىۋېتىپ ئىككى قەترە ياش چىقىرىپتۇ،— شاگىرتلىرىمنىڭ تازىملىرى كوزۇمنىڭ قارچۇغىسى ئارقىلىق يېشىمغا سىڭگەن، ئۇنىڭدا سان - ساناقسىز تازىم بار.

پادىشا ئىككى قەترە ياشنى قۇتىغا سېلىپ ئاغزىنى بىكىتكەندىن كېيىن، پەيشەنبىلىك ھەققىدە گەپ ئاچقان ئىكەن، خەلپەت چۈشكەن چۈشۈكنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. پادىشانىڭ كىچىك تىلى لىپىلداپ «كېيىنكىسى پىقىرنىڭ» دىۋېتىپتۇ. خەلپەت رازىلىق بىلدۈرۈپ، پادىشانى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

شۇندىن باشلاپ كۈن ساناپ بىر ھەپتىنى ئاران ئۆتكۈزگەن پادىشا، ياندۇرتى پەيشەنبىسى ئەتىگەندىلا ھوجرىغا بېرىپ، خەلپىتىمنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. باللار پادىشانى كورۇپ بولەكچە تازىم قىلىپ، باشلىرى يەرگە تەككىچە ئېگىلىپتۇ، ئېلىپ كەلگەن پەيشەنبىلىكلىرىنى دەستىخانغا تاشلاپتۇ. پادىشا «ئاز بولسىمۇ نەخ ئىكەن» دەپ ھەممىسىنى بىر ئۆزىلا كوتىرىپ مېڭىپتۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن، پادىشا پەيشەنبىنى قولدىن بەرمەيدىكەن؛ باللارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى پادىشانىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەپ، ئۇ ھەپتىدىن بۇ ھەپتىگىچە تاپقىنىنى پەيشەنبىلىك ئۈچۈن ئەۋەتىپ تۇرۇپتۇ. ئەۋەتە - ئەۋەتە ئۆيلىرىدە ساتاغا ساتقۇلۇقمۇ قالماپتۇ، خەلپىتىمنىڭ تىرىكچىلىك يولىمۇ ئۈزۈلماپتۇ...

باللار ئارىسىدا تۇرسۇن ئىسىملىك زېرەك بىر يېتىم بالا بار ئىكەن. ئۇ، قولىنىڭ قىسقىلىغىدىن بىر مەھەل پەيشەنبىلىك ئېلىپ كېلەلمەپتۇ. پادىشا ئۇنى پەلەققە تارتىپ، راسا ئۇرۇپتۇ. ئۇرۇپ بولۇپ:

— كوزۇمدىن يوقال! سېنىڭدەك پىخسىقتىن بىزارمەن!— دەپتۇ.

تۇرسۇن يىغلاپتۇ، قاخشاپتۇ. ئوتتۇماي دېسە كوڭلى قويماپتۇ. ئويان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ بىر چارە تېپىپتۇ. ئۇنىڭ چارىسى ساۋاقداشلىرىغا بەكمۇ ياققان ئىكەن، شۇ يەردىلا بىر پىكىرگە كېلىشىۋاپتۇ.

پەيشەنبە كەپتۇ. باللار ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ھەر پەيشەنبە كۈندىكىدىن بۇرۇنىراق كېلىپ رەتلىك ئولتۇرۇشۇپتۇ. پادىشا ھوجرىغا قەدەم بېسىش ھامان تۇرسۇن:

— ۋاي پادىشاھى ئالەم، تاۋىقلىرى يوقمۇ، ياكى كېسەللىرى جىقمۇ؟ رەڭگىلىرى سارغىيىپتۇ، زەپىرەڭدەك، يۈزلىرى كورۈندۇ ھەپىرەڭدەك،— دەپتۇ. ساۋاقداشلار ئەگىشىپ تەكرارلاپتۇ.

پادىشا قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ، ھەممىنى ئۇنتۇپ، دەررۇ ھوجرىدىن ئايرىلىپتۇ. باللار خوش بولۇپ: «خۇيىمۇ جايىدۇق يەنە كەلسە شۇنداق قىلىلى» دېيىشىپتۇ.

پادىشا يول بويى «راستىن كېسەل بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟ كېسىلىم ئېغىرمىدۇ - يەڭگىلمۇ...» دەپ ئازاپلىنىپتۇ. ئازاپلانغانسېرى رەڭگىدىن كېتىپتۇ. مۇلازىملار ئۇنى ئوردا ئىشىكىدە كۇتۇپ تۇر-

غان ئىكەن. قارىسا، پادىشا كۆڭلى پەرىشان خۇددى ئەتىدىن كەچكىچە سەكرەپ ھارغان بىر ئىشتان ھالىتىدە كېلىۋاتقاندەك. مۇلازىملار قايغۇرۇپ:

— جانابى سۇلتانىي كېرەم، نېمە بوللىكىن ئۆزلىرى، ئىزىرىپتۇ كۆزلىرى؟ چىرايلىرى تۇرىدۇ سامانىدەك، كۆرۈنمەيلا تېخى ئامانىدەك؟— دېيىشىپتۇ. پادىشا:

— ۋاي ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟— دەپلا ئورنىدىن ئۇچۇپتۇ ۋە شۇ كۈندىن ئىتىۋارەن تېكىر تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ.

پادىشانىڭ راستىن كېسەل بولۇپ قالغان خەۋىرى ھوجرىغا يېتىپتۇ. باللار خوش بولۇپ سەكرىشىپ كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا، تۇرسۇننىڭ ئەقلىگە يەنە بىر ئىش كەلگەن ئىكەن، دوستلىرىنى باشلاپ پادىشانى يوقلاپ بېرىپتۇ.

— ئاھ، پادىشا ھەزرەتلىرى،— دەپتۇ تۇرسۇن تىزلىنىپ،— بۈگۈن ھەممىمىز ئۆزلىرىنى دەپ، ھەر قەدەمدە غەملىرىنى يەپ، كۆپتىن - كۆپ تازىم، پەيشەنبىلىك ئېلىپ كەلگەن ئىدۇق، خەلپىتىم «قويۇڭلار ئۇنى، پادىشا ساقىيالمايدۇ...» دەپ ئېلىۋالدى، پەمىچە كېسەللىرى ئەدەپ كېتىپتۇ. ئۇچۇق تەگدىمۇ نېمە، ئاياقلىرى قېتىپتۇ.

باشقىلار تۇرسۇننىڭ دېگەنلىرىنى تەكرارلاپ چۇرۇقلىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشا بىر ياقتىن تازىم بىلەن پەيشەنبىلىكتىن قۇرۇق قالغىنىغا ئىچى ئۇۋۇشسا، يەنە بىر ياقتىن خەلپىتىمنىڭ «دېگەنلىرى»گە چىدىيالماي ئەلەمدىن ھالىدىن كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئېڭىنى يىغىپ:

— جاللات! خەلپەتنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ماڭا كۆرسەت!...— دەپ ۋاقىراپتۇ. ۋاقىراپتۇ-يۇ، قان قۇسۇپ جان ئۈزۈپتۇ. خالايىق زەيلىككە ئاپىرىپ كۆمۈپتۇ. تۇرسۇننى «زېرەك بالا» دەپ ماختىشىپتۇ.

## رىسقىلىق قىز

مەھەللىمىزدە ھەسەنكام ئىسىملىك بىر بوۋاي بار ئىدى. ياشلار كۈنىگە دېگىدەك ئۇنىڭ ھويلىسىغا توپلىشىپ چۆچەك ئېيتقىلى سالاتتى. ئۇ، دائىم: بۇنى ماڭا چوڭ ئانام خەتنەمنى قىلدۇرغان يىلى سۆزلەپ بەرگەن، ئۇنىڭغا بوستاندا چاچ ئېتىپ ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىدا چوڭ دادىسى ئېيتىپ بەرگەن ئىكەن، چوڭ دادىسىنىڭ كىمدىن ئاڭلىغانلىقىنى سورىمىغان ئىكەندەن. ئىش قىلىپ بۇرۇنىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارمىش، راست - يالغىنىنى ئۆزەڭلار ئايرىۋېلىڭلار، دەيتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ بۇ ئىزاھنى تەكرارلاپ بولغاندىن كېيىن، «رىسقىلىق قىز»نى ئېيتىپ بەردى. بۇ ھېكايە مۇنداق ئىدى:

بىر بېلىقچى ئۆتكەن ئىكەن. قولى قىسقا بولغاچ ھالى چاغلىق، باغرى داغلىق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئايىغىدا بىر دەريا بولۇپ، سۈيى كۈن قىزىلدا تولۇپ ئاقىدىكەن، بېلىقچى ئەنە شۇ چاغدا تور يايىدىكەن، تورغا ئۆيدىكى ئوت جان ئۈچۈن تۇتلا بېلىق چۈشىدىكەن. تور سوزۇۋېلىنغاندىن كېيىن دەريا قۇرۇپ قالىدىكەن - دە، قايتا تور سېلىش پۇرسىتى بولمايدىكەن.

بېلىقچى شۇ تەرىقىدە كۈن ئۆتكۈزۈپ، ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى تۈگىتىپتۇ.

بېلىقچىنىڭ خوتۇنى بۇنداق كۈندارچىلىقتىن بىزار ئىكەن. ئۇ ئېرىنى كۆزدىن يۇتتۇرۇپ، ئۇنىڭ رىسقىنى ئەپ قالماقچى بوپتۇ. جاڭگالغا باشلاپ بېرىپ، ئازدۇرۇپ قويۇپ قېچىپ كەپتۇ.

قىز ئون ياشلاردا ئىكەن. ئۇ چۆل باياۋاندا تەمتىرەپ، يىغا - يىغلاپ مەشرىققا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ پەرىزىچە، ئۆي شۇياقتا ئىكەن. بىر كۈن مېڭىپتۇ، ئىككى كۈن مېڭىپتۇ. ئۆينىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ، كېچىسى يەرنى سېلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا، يانتاقنى دالدا قىلىپ يېتىپتۇ، كۈندۈزى «بۈگۈن يېتەرمەن، ئەتە يېتەرمەن» دەپ مېڭىۋېرىپ، بىرى كەم ئوتتۇز كۈن يول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى كۈنجۇتلۇق ئوتتۇرىسىدا كۆل، كۆل لېۋىدە باغ، باغ ئىچىدە كىچىككىنە تاغ، تاغ باغرىدا ئوتلاق، گۈزەل بىر يەرگە كېلىپ قاپتۇ. قىز خوش بولۇپ، كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپتۇ، پۇتىنى سۇغا چىلاپ ھاردۇقىنى چىقىرىپتۇ. شۇ ئارىدا، ئاپپاق چاچلىق، قەلەم قاشلىق بىر موماي پەيدا بولۇپ:

— ئەسسالام قىزىم، ھالىڭ نىچۈك؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز ھەيران بولۇپ ئىلىك ئاپتۇ ۋە بېشىنى ئىگىپ، بېشىنى توكۇپ جاۋاپ بېرىپتۇ:

— يېتىم بالىمەن، ئېزىپ قالدىم.

موماي شۇ دىمەتلىك بولغىچە بالا يۈزى كۆرمىگەن ئىكەن، ئېرىنى كۆمۈپ تويغاندىن بۇيان تول ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ خوش بولۇپ «رىسقلىق قىز ئىكەنسەن، جۇر، بالا ئېتىۋالاي» دەپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. باغقا باشلاپ كىرىپ، مېۋە - چىۋە يېگۈزۈپتۇ، ياخشى تائاملار بىلەن تويغۇزۇپتۇ. شۇندىن باشلاپ قىز مومايىنى ئانا قىلىۋاپتۇ.

مومايىنىڭ ئۆي ئىشلىرى چىچىدىن تولا ئىكەن. قىز ئۇنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپ قىز بويىغا يېتىپتۇ، موماي ئۇنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شاھزادە نۇرمۇھەممەت شىكاردىن قايتىشىدا مومايىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. موماي ئۇنى بارالىغىقا باشلاپ، قىزىملىق ئۇگرە ئەتتۇرۇپ بېرىپتۇ. ئاش شاھزادىغا تېتىپ كېتىپتۇ.

— موما، — دەپ سوراپتۇ شاھزادە ئاغزىنى چاكىلدىتىپ، — ئاشنى كىم ئەتتى؟ ئۇچ ئاياق ئىچىپ ھاردۇقۇم چىقتى.

— ئۆزۈم ئەتتىم بالام، — دەپتۇ موماي تازىم قىلىپ.

— ياق موما، ئاشتىن قىزنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

— بىلسەڭ ئەزىزىم، مەنمۇ كىچىك ۋاقتىمدا قىز بالا ئىدىم، قولۇمنىڭ تاتلىقى كەتمىگەن ئوخشايدۇ.

مۇلازىملار، كېنىزەكلەر كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. شاھزادىمۇ دېمى ئۆزۈلگىچە كۈلۈپتۇ. ئاندىن ئۇتتۇنۇپ سوراپتۇ:

— موما، ئاشخانىلىرىڭىزنى كۆرۈشكە بولامدۇ؟

— ئۇنچىلىك - قانچىلىكتى، ئەمما، سەل تەخىر قىلىپ بەرسىلە، قازان - چۆمۈچلىرىنى يىغىشتۇرىۋالاي، — موماي ھاسىسىنى تايىنىپ ئىچكىركى ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە گۇمانىبىراپ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. قازان بېشىدىكى يۈزى تولۇنئايدەك يۇمىلاق، كۆزلىرى گويا نۇرلۇق چىراق، ھۆسنى جامالى شۇنچە ئوماق قىزنى كۆرۈپلا مەپتۇن بولۇپ ئاشىق بىقارار بوپتۇ. يۈرىكىنى چاڭگاللاپ ئوردىغا قايتىپتۇ. مەيدىسىنى نەم يەرگە يېقىپ، ئالتۇن كەمىرىگە چۈشكەن قىزنىڭ شولىسىغا بېقىپ يېتىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشا قىزنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ شاھزادىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. مومايىنى ئەتىۋارلاپ ئوردا تۆرىدە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

ئۇلار ھوزۇر - ھالاۋەتنى كۆرۈۋەرسۇن، ئەمدى كەينى قىزىڭغا ئاتا - ئانىسىدىن ئاڭلايمىز؟

بېلىقچىنىڭ خوتۇنى قىزنى ئېرىقتۇرۇپ قويۇپ ئۆيگە كەپتۇ. ئوچاققا ئوت يېقىپ، ياغ چۆچۈتۈپ ئېرىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئوغلىغا قاراپ: «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تويۇنغۇدەك تولغىدەك غىزالانمىدىڭ بالام، ئەمدى كەڭ - تاشا يەرسەن» دەپتۇ. بېلىقچى كۆپ ئولتۇرغاندا تورنى يۇدۇپ بېلىق سۇۋۇتنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەپتۇ. خوتۇن سۈۋۈتكە قاراپ ھەيرانلىقتا سوراپتۇ:

— ھوي، ئاران ئۈچ بېلىق ئېلىپ كەپسىلە، بىرنى نېمە قىلىدىكەنلا؟

— تورغا چىققىنى شۇ خوتۇن، ئوت ئۆچۈپتۇ. سېلىڭلار ئوچاققا قىزىرۇق ئوتۇن، — دەپتۇ بېلىقچى.

بېلىقچىنىڭ ئايلى قىزنىڭ رەستى ئۆزى بىلەن بالىلا كەتكەنلىكىنى سېزىپتۇ، ئەمما، چاندۇرماي قازان بېشىغا ئوتۇپتۇ. داستىخان سېلىنىپتۇ. بېلىقچى قىزنى سورۇشتە قىلغىلى تۇرغاندا، خوتۇنى «ئۆينىغىلى چىقىپ كەتكەن، ھېلى كىرىدۇ» دەپتۇ ۋە ئۈچ بېلىقنى ئۈچ قاچىغا ئېلىپ كەپتۇ. بېلىقچى قىزىغا تۇگۈنۈپ، ئۆز قاچىسىدىن بولۇپ قويۇپتۇ.

بېلىقچى كېچىدە دەريا بويىغا بېرىپ، كۆپ قىزلىدا تورنى يېيىپتۇ، تورغا ئۈچتىن ئارتۇق بېلىق چىقماپتۇ. يەنە كېلىپ، بېلىقلارنىڭ ئالدى بىلەكتەك، كىچىكى باش مالداقتەك ئىكەن. بۇنىڭدىن ئەجەپلەنگەن بېلىقچى غەمگە پېتىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆيگە كەلسە، ئوغلى ئانىسىغا:

— سىڭلىمنى تاشلىۋەتسەڭمۇ بوپتىكەن ئانا، ھېچ پايدىسىنى كۆرمىدۇق، — دەۋاتقىدەك. ئانا بولسا:

— ئاغزىڭنى يۇم جېنىم بالام، داداڭ بىلىپ قالسا ئىش چاتاق، سەنمۇ يەيسەن شابالاق، — دەپ يالۋۇرۇۋاتقىدەك.

بېلىقچى ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپ ئۇلۇق - كىچىك تىنىپتۇ ۋە ئۆيگە كىرىپ دەپتۇ:

— ئاياق بولدى چوشۇمىگە، ئاغرىماپتۇ ئىچىڭ قىزىڭغە، قوپ ئورنىڭدىن ھەي شاللاق، ئىزلەيلى قىزنى، بولمىسا يوللار يىراق.

ئايال قورقۇپ يىغلاپتۇ، ئىككى ئىشەكنى توقۇپ تەخلەپتۇ، ئوغلى ئۆي ساقلاپ قالماقچى بوپتۇ. ئەر - خوتۇن يولغا چىقىپتۇ. مېڭىپتۇ، ئون يىل ئالەم كېزىپ، ئاخىرى بىر شەھەرگە بېرىپ قاپتۇ. بۇ كۈنى بېلىقچىنىڭ قىزى مەلىكىچە كىيىنىپ، مەيدانغا ئولتۇرۇپ، قىرىق كېنىزەكنىڭ ھەمراھىدا تاماشا قىلغىلى كوچىغا چىققان ئىكەن. ئۇ، ئاۋات بىر كوچىدا كېتىۋاتسا تور يۇدىۋالغان بىر بوۋاي ئىشەككە تەتۈر مىنىپ كېلىۋاتقىدەك. مەلىكە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ سوراپتۇ:

— بوۋا، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟

— نېمە قىلغىنىم بولاتتى جېنىم، — دەپتۇ بېلىقچى ئۆزىدىن سەل نېرىراقتا كېلىۋاتقان خوتۇنىنى كۆرسىتىپ، — ئاۋۇ خوتۇن بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن قىزىنى تاشلىۋەتكەن ئىدى، قېرىسىغان جېنىمدا مېنىمۇ تاشلاپ قاچمىسۇن دەپ، كوز - قۇلاق بولغىنى شۇنداق قىلدىم.

قىزنىڭ كۆڭلىگە تۇيۇق چۈشۈپ، يۈرىكى ئېچىپ كېتىپتۇ. دەر - ھال ئوردىغا قايتىپ، ئۇلارنى ئېلىپ كېلىشكە ياساۋۇل ئەۋەتىپتۇ.

— ئاپپاق مەلىكەم، بالا ئىزلەپ كېلىپ قاپتۇق شەھەرلىرىگە، قىز ئىدى ئىسمى تولۇقنىسا، بولغانىدۇ، ئۆزلىرى دېمەتلىك ھايات بولسا، ئوتىسىلە كۆنايىممىزدىن، كېتىۋالايلى دەرگاھلىرىدىن.

— دادا، — مەلىكە بېلىقچىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. بېلىقچى باغرىنى ئېچىپتۇ، ئانا خىجىللىقتىن يەرگە بېتىپتۇ.

شۇندىن باشلاپ بوۋاي بىلەن موماي قىزىنىڭ دولىتىدە ئاخىرقى ئۆمرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىپتۇ.

توپلاپ، رەتلىگۈچى: سىيىت زۇنۇن

## كىتابخانىلار دىققىتىگە

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

ئىشخانىمىز تەرىپىدىن نەشر قىلىنىۋاتقان «قەدىمقى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» ژورنىلى پەسىللىك ئۈنىۋېرسال خاراكتېرىدىكى ئىلمىي ژورنال بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، تىبابەت، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، پەلسەپە... گە ئائىت قەدىمقى كىتابلىرى - مەدەنىي يادىكارلىقلىرى بىلەن ئاشۇ مەزمۇندىكى ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. ژورنالنىڭ ھەر سانىنىڭ باھاسى 0.80 يۈەن. 8.0 پۇڭ پوچتا ھەققى قوشۇپ ئېلىنىدۇ. مۇشتەرى بولغۇچىلارنىڭ پۇل ئەۋەتىشىنى سورايمىز.

ئادرېس: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتابلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى

ئالاقىلىشىدىغان كىشى: غوپۇر غوجا.

«قەدىمقى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» ژورنىلى تەھرىر ھەيئىتى

1985 - يىل 11 - ئاي 20 - كۈنى.



مەرھۇم ۋەتەنپەرۋەر شائىر قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى. (1876 — 1937 - يىللار)

喀什地区少数民族古籍收集整理出版办公室出版

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

喀 什 维 吾 尔 文 出 版 社 印 刷 厂 印 刷